مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

HERITAGE UIGHUR FOLKLITERATURE



# مىراس

美拉斯 MIRAS

3

2004

ISSN 1004-3829

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر ئۆيلىرى

ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى













# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال　　2004 - يىل 3 - سان


### مەنئۇىيەت يۇلتۇزلىرى

مەرىپەت يۇلتۇزى ........................ ئەزىزى 1

### كەچمىش - كەچمىشلەر

باي قەلەندەر ........................ زۇنۇن قادىرى 13

### ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

قىيادىكى ئۇۋچىنىڭ نالە - زارى ............ چ. ئايتماتوف، م. چاقانوف 15

ئۇيغۇر سېھرىگەرلىكىدە سېھرىگەرلەرنىڭ قىياپەتلىرى، سالاھىيەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى........................ ئەنۋەر سەمەد قورغان 50

ئۇيغۇر سېھرىگەرلىك چۆچەكلىرىنىڭ ئاساسىي خاراكتېرى........................ ئوسمان ئىسمائىل تارىم 69

سەلەي چاققان ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى........................ داۋۇت تۇراخمەت 75

### ساقلىقىڭ - شاھلىقىڭ

بۇرۇن ھەققىدە ........................ تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر ئابدۇللا 28

### قانۇنسىز ئەل بولماس

كروران ئېلىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى........................ غالىپ بارات ئەرك 29




(ئومۇمىي 83 - سان)


باش مۇھەررىر:

**يۇسۇپ ئىسھاق**

جاۋابكار مۇھەررىر:

**مۇختار مۇھەممەد**

تارقىتىش بۆلۈمى مۇدىرى:

**ئەسقەر مەخسۇت**

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشر قىلدى.

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 - 1130 / I

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58

باھاسى: 5.00 يۈەن

## گۈزەللىك ئۇندۇر، توققۇزى تونىدۇر

«ھازىرقى زامان كىينىش ئادەتلىرىمىزدىكى بەزى نۇقسانلار»غا تولۇقلىما...
...................... مۇھەممەد رېھىم ھاجى تۇرسۇن نەۋرۇزى 38

مەدەنىيەت بوستانىدىكى تەشۋىشلىك ئويلار.......... مۇھەممەد راخمان 57

## مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا

پەرزەنت تەربىيىسىدىكى 30 ئۇسۇل.............. تەييارلىغۇچى: ئەزىزى 40

## لەقەمسىز ئەر بولماس

ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى بويىچە چەرچەن ۋە كېرىيە كىشى ئىسىملىرىنى تەك-
شۈرۈشتىن دوكلاد...................... تۇرسۇن قۇربان تۈركەش 43

## كۆكتىن ئامدۇق، يەردىن ئۈندۇق

تارىم ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسىنى قوغداش بىلەن ئۇيغارلىق (مەدەنىيەت)
ئەنئەنىسىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى توغرىسىدا...ھەدىيە مۇھەممەد 62

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

«ئادەمنى ئاساس قىلىش»قا بىر نەزەر................................ 66

## ئاتىلار سۆزى

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى................................ 68

## كۈلكە ــ جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار.............................................. 73

شەيتان بەت.......................................... 78


## مۇشتەرى بولۇڭ

ژۇرنىلىمىزغا ھەر قايسى جاي-لاردىكى پوچتىخانىلار ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق ھەرقانداق چاغدا مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ.

## ئەسەر ئەۋەتىڭ

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22-نومۇر. بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىل-گەن ئەسەرلەر قايتۇرۇلمايدۇ. ئادرېسىڭىزنى، كىملىك نومۇرىڭىزنى ئەسەر كەينىگە قوشۇپ يېزىشنى ئۇنتۇماڭ.

## قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 ـ نومۇر (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 14 ـ قەۋىتىدە)


تېلېفون: 4554017 ــ 0991
پوچتا نومۇرى: 830001



编辑:《美拉斯》编辑部　主管: 新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会（乌市友好南路 22 号文联 14 层）电话: 4554017　印刷: 新疆日报社印务中心　发行: 乌鲁木齐邮局　订阅: 全国各地邮局　国内统一刊号: CN65－1130/I　国外统一刊号: ISSN1004－3829　邮编: 830001　代号: 58－60　定价: 5.00元


**مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە ئاتاقلىق يازغۇچى، دراماتورگ ــ مەرھۇم زۇنۇن قادىرى (ئابدۇشۈكۈر كېرەم كۆك سىزغان)**




—ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئىلىم ـ پەن تارىخىدىكى مەشھۇر نامايەندە ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ھەققىدە ئىزدىنىش

ئەزىزى

### بىرۇنىنىڭ ھايات پائالىيىتى

ئەبۇ رەيھان مۇھەممەد بىن ئەھمەد ئەل بىرۇنى مىلادىيە 973 ـ يىلى ئەينى چاغدىكى خارەزمنىڭ مەركىزي شەھىرى بولغان كات شەھىرى ئەتراپىدىكى بىرۇن دېگەن يېزىدا دۇنياغا كەلگەن، تەخەللۇس ئورنىدا ئالىمنىڭ ئىسمىغا قوشۇپ ئىبتىلىدىغان بىرۇن دېگەن سۆز ئۇنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىغا ئىشارە قىلىنغان. بىر قىسىم مەنبەلەردە (مەسىلەن، ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىننىڭ «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» قاتارلىق ماتېرىياللاردا) كات شەھىرىنىڭ نامى قىيات دەپ ئېلىنغان. ئەمما بىرۇنى بىلەن زاماندىش نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان جۇغراپىيىلىك مۇھىم ئەسەر «ھۇدۇدۇلئالەم»دە «كات ـ خارەزمنىڭ مەركىزى، شۇنداقلا ئوغۇز تۈركىستانىغا بارىدىغان دەرۋازا. ئۇ تۈركلەر، تۈركىستان، ماۋارائۇننەھر ۋە ھەزەرنىڭ سودا مەركىزى. سودىگەرلەر دائىم بۇ جايغا باراتتى. بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى چېگرا رايون تۇتۇق بەگلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، خارەزمشاھ دەپ ئاتىلىدۇ» دېيىلگەن ①. مەن بۇ كىتابنىڭ يېزىلىش تارىخىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئۇنىڭدا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتنى بىر قەدەر ئەقىلگە ئۇيغۇن، دەپ قاراپ، كات دەپ ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىدەك، خارەزم قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا شەرقتىكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا بىرۇنىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى ياخشى مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى. ھازىرچە بىرۇنىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە دائىر ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرىدىلا ساراي خىزمىتىگە كىرگەنلىكى مەلۇم. شۇنىڭدىن قارىغاندا بىرۇنىنىڭ ياشلىق دەۋرىدىلا ئىلىم ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەنلىكىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئەينى چاغدا پەقەت جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن كىشىلەرلا سارايغا كىرىش سالاھىيىتى-

گە ئىگە بولالايتتى. بىرۇنىنىڭ سارايدىكى ئىشلىرى ئۇزاق داۋاملاشمىغان. مىلادىيە 995 ـ يىلى ئۈزگەنچ ئەمرى مەئمۇن كاتنى ئىشغال قىلدى. شەھەر ئاھالىسى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۈنۈمى بولمىدى. شەھەر ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىندى، نەتىجىدە كۆپلىگەن شەھەر ئاھالىلىرى كاتنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ياش بىرۇنىمۇ شەھەر ئاھالىسى بىلەن بىرلىكتە باسقۇنچىلارغا قارشى كۈرەشكە قاتناشقان بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇمۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا شەھىرىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بىرۇنى جورجانغا بېرىپ شۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغان. بۇ جەرياندا بىرۇنى جورجان ئەمرى، مەشھۇر «قابۇسنامە» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى قابۇس ئىبنى ۋاشمگىرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. ياقۇت ھەمەۋىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، قابۇس ئىبنى ۋاشمگىر بىرۇنىنى ۋەزىرلىككە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ خىزمەتنى قوبۇل قىلمىغان. بىرۇنى جورجاندا ئاتاقلىق تېۋىپ، ئاسترونوم، پەيلاسوپ ئەبۇ ھەسىل ئىسا ئەل مەسىھي بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغان ۋە ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئەل ئاسار ئەل باقىيە ئەن ئەل قۇرۇن ئەل ھالىيە» («قەدىمكى خەلقلەردىن قالغان يادىكارلىقلار»)نى يېزىشقا كىرىشىپ، ئۇنى مىلادىيە 1000 ـ يىلى تاماملىغان، بۇ ئەسەر بىرۇنىغا ناھايىتى زور شۆھرەت ئاتا قىلغان.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۈرگەنچ ئەمرى مەئمۇن 995 ـ يىلى كاتنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۈرگەنچنى پايتەخت قىلىپ خارەزم شاھى دېگەن نام بىلەن تەختكە ئولتۇردى. 999 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئوغلى ئەبۇل ئابباس مەئمۇن تەختكە ئولتۇردى (تارىختا ئۇ مەئمۇن II دەپمۇ ئاتالغان). ئەبۇل ئابباس مەئمۇن ئىلىم ـ مەرىپەتنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئۆلىمالارنى قەدىرلەيدىغان كىشى ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ سارىيىغا ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر كىشىلىرى توپلانغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە پەيلاسوپ، تېۋىپ ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا، تارىخچى ئىبنى مىسكەۋەي، ماتېماتىك ئەبۇنەسىر. ئەل ئىراق، پەيلاسوپ ئەبۇ سەھىل مەسىھي، تېۋىپ ئەبۇلخەير ھەميار قاتارلىق شۇ زاماننىڭ مەشھۇر ئالىملىرى بار ئىدى. ئەبۇل ئابباس مەئمۇن بىرۇنىنىڭ جورجاندا ئىكەنلىكىنى، ئۇ يەردە كاتتا شۆھرەت قازانغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما ئۆز ۋاقتىدا دادىسى كاتقا يۈرۈش قىلغاندا بىرۇنىنىڭ ئاخىرغىچە قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ سېپىدە تۇرغانلىقى، شۇنداقلا دادىسىنىڭ كاتنى ئىشغال قىلغانلىقىنى قارىلاپ يۈرگەنلىكىمۇ ئۇنىڭغا ئايانىدى. شۇڭا ئۇ بىرۇنىنى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتى. شۇنداقتىمۇ بىرۇنىنىڭ خارەزملىك بولغانلىقى ۋە ئىبنى سىنا قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەۋسىيە قىلىشى سەۋەبلىك بولسا كېرەك، ئۇ بىرۇنىنى ئۈرگەنچكە تەكلىپ قىلىشنى قارار قىلدى.

مىلادىيە 1010 ـ يىلى بىرۇنى خارەزمنىڭ پايتەختى ئۈرگەنچكە قايتىپ كەلدى. ئەبۇل ئابباس مەئمۇن بىرۇنىنى زور ئىلتىپات بىلەن قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۇنى بىۋاستە مەئمۇن تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان ئىلمىي مەركەز ـ دارىلئۇلىما (ھازىرقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى بىلەن ئوخشاش ئورگان)دا ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. خارەزمشاھ ئەبۇ ئابباس مەئمۇن ئەينى چاغدىكى خەزنە سۇلتانى مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ سىڭلىسى ھۇررەيئى خۇتتالى (ھۇررەيئى كالچى)نى ئەمرىگە ئالغانىدى. ئەمما كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋي خارەزمشاھلاردىن كۆپ ئۈستۈن تۇراتتى. شۇڭا مەئمۇن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋي بىلەن ئىمكان بار ياخشى ئۆتۈشكە تىرىشاتتى. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋي بولسا خارەزمنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ باھانە ئىزدەپ خارەزمشاھى مەئمۇنغا مەكتۇپ يوللاپ، خارەزم تەۋەسىدە خۇتبىنى ئۆز نامىغا ئوقۇتۇش، سوۋغا ـ سالام (يەنى پۇل) يوللاش، بىر تۈركۈم ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئەۋەتىشتىن ئىبارەت ئۈچ شەرتنى ئوتتۇرىغا قويدى. قارىخانىيلارنىڭ ئوتتۇرىدا كېلىشتۈرۈشى بىلەن خارەزمشاھ مەئمۇن بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلدى. نەتىجىدە پايتەخت ئۈرگەنچتىن باشقا خارەزمشاھقا تەۋە شەھەرلەردە خۇتبە سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ نامىغا ئوقۇتۇلدى، بىر تۈركۈم ئىلىم ئەھلى بىلەن نۇرغۇن پۇل ۋە مال ـ مۈلۈك ئەۋەتىلدى ② .

خارەزمدە خۇتبىنىڭ سۇلتان مەھمۇد نامىغا ئوقۇتۇلۇشى خارەزمنىڭ سۇلتان مەھمۇدقا تەۋە بولغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. بۇ ھال خارەزمدىكى ھەربىي قوماندانلارنىڭ

ئوغسىنى قايناتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش ئۈچۈن قوزغىلىپ ئىسيان كۆتۈردى. 1017 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئىسيانچىلار خارەزمشاھ ئەبۇل ئابباس مەئمۇننى ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغا ئۇنىڭ جىيەنى ئەبۇ ئەلىنى ئولتۇرغۇزدى. ئىشنىڭ شۇنداق بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغان سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي سىڭلىسى ۋە سىڭلىسىنىڭ ئېرى ئۈچۈن قىساس ئېلىپ، ئىسيانچىلارنى باستۇرۇش باھانىسى بىلەن خارەزمگە قوشۇن باشلاپ كىردى. خېلى ئېغىر ئۇرۇشتىن كېيىن 1017 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي ئۇرگەنچنى ئالدى. ئىسيان كۆتۈرگەنلەرنىڭ باشچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى ئۈچۈن كېرەكلىك دەپ قارىغان نۇرغۇن كىشىلەرنى ئەسىر قىلىپ پايتەخت غەزنىگە ئېلىپ كەتتى، بىرۇنىمۇ ئەنە شۇ ئەسىرلەر قاتارىدا غەزنىگە ئېلىپ كېتىلدى.

بىرۇنى غەزنىدە تۇرغان مەزگىللەردە ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئوردا خىزمەتلىرىگىمۇ ئارىلىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئىجادىيەت جەھەتتە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ 1030 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋىي ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئورنىغا ئوغلى سۇلتان مەسئۇد تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ دادىسىنىڭ ئەكسىچە بىرۇنىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. نەتىجىدە بىرۇنى شارائىت جەھەتتىكى ئەۋزەللىكتىن تولۇق پايدىلىنىپ، زور ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ بىر قىسىم نادىر ئەسەرلەرنى ياراتتى.

ئەمما، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي تارىخىي شارائىت جەھەتتە يەنە داۋالغۇشلار باشلاندى. كېلىپ چىقىش جەھەتتە ئوغۇزلارنىڭ بىر قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان سولجۇقىيلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تەرەققىي قىلىپ، بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە غەزنەۋىيلەرگە تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. 1038 ـ يىلى سەلجۇقىيلار غەزنەۋىيلەرگە قاراشلىق نىشاپۇرنى ئىگىلىدى. شۇ يىلى بولۇپ ئۆتكەن سەلجۇقىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا غەزنەۋىيلەر غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسى ئومۇمىي ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالمىدى. 1040 ـ يىلىدىكى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشتا غەزنەۋىيلەر پۈتۈنلەي تارمار بولۇپ، سەلجۇقىيلار غەلىبە قىلدى. خاتىرجەملىك بولمىغان، ئۇرۇش ۋەھىمىلىرى بىلەن تولغان بۇنداق مۇھىتنىڭ ئىجادىيەت ۋە باشقا تەرەپلەردىن بىرۇنىغا تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بىرۇنى شاگىرتى ئەبۇل فەدەل ئەس سەرەخسىنىڭ مەلۇماتى بويىچە 1048 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

### بىرۇنىنىڭ ئەسەرلىرى

بىرۇنى تېگى ـ تەكتىدىن ئالىغاندا مەرىپەت شەيداسى، ئىلىم ھەۋەسكارى ئىدى. تارىختا شۇنداق كىشىلەر بولىدۇكى، ئۇلار خۇددى شۇنداق بىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ۋە ئورۇنداش ئۈچۈن يارالغاندەك بىر دەۋرنىڭ، بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئەقلىي كامالىتىنى ئۆزىدە نامايان قىلىپ، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ رول ئوينايدۇ. بىرۇنى دەل ئەنە شۇنداق بۈيۈك زات ئىدى. ئۇ ئەرەب، پارس، يۇنان، ئىبراي ۋە سانسكرىت تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۆز زامانىسىدىكى پەلەكيات (ئاسترونومىيە)، فىزىكا، رىيازىيات (ماتېماتىكا)، ئەدەبىيات، گېئولوگىيە، گېئوگرافىيە، ئىلاھىيەت، تېبابەتچىلىك، تارىخ قاتارلىق كۆپ خىل پەنلەر بويىچە تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئەنگلىيىلىك شەرقشۇناس ئالىم خاملتون. ئا. گىببى ئەرەب تارىخچىسى ياقۇتنىڭ مەلۇماتى بويىچە تۆۋەندىكىلەرنى مىسال كەلتۈرىدۇ: «بىرۇنىنىڭ قولىدىن قەلەم چۈشمەيتتى، ئۇنىڭ كۆزى توختىماي كۆزىتىپ تۇراتتى. پىكىر يۈرگۈزمەيدىغان چاغلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇ بىلىم جەھەتتە كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇۋاتقان پەردىنى ئېچىۋېتىش ۋە بىلەكلىرىنى بوغۇۋېلىۋاتقان يەكنى تۇرۇۋېتىش ئۈچۈن يىل بويى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىزدىنەتتى» ③ .

بىرۇنى 1035 ـ يىلى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ رويخېتىنى تۈزگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا شۇ چاغقىچە 113 پارچە ئەسەر يازغانلىقى كۆرسىتىلگەن. مۇشۇ ۋاقىتتىن تاكى ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەن 1048 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يەنە 13 يىل ۋاقىت بولۇپ، بۇ جەرياندا ئۇ يەنە بىر بۆلەك ئەسەرلەرنى يازغان. «ئۆزبېكىستان مىللىي ئېنسىكلوپېدىيىسى»دە ئۇنىڭ 152 پارچە ئەسەر يازغانلىقى قەيت قىلىنغان. ④ فرانسىيىلىك گابرىئېل فېرراند توپلىغان «ئەرەب، پارس،

تۇركلەرنىڭ شەرق ھۆججەتلىرى توپلىمى» دېگەن كىتابىنىڭ بىرۇنى ھەققىدىكى مەلۇماتىدا «ئارتاق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بىرۇنى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقى بىر تۆگىنىڭ كۆتۈرۈش مىقدارىدىن ئۇرتاق ئىكەن. ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىچە، بىرۇنى ئىجادىيەت جەريانىدا تەڭرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنمىش» دېيىلگەن ⑤ . ئەمما ھازىرغىچە بىرۇنىنىڭ پەقەت 28 پارچىلا ئەسىرى مەلۇم. قالغان ئەسەرلىرى ھازىرغىچە يېتىپ كەلمىگەن بولۇشى ياكى يېتىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ، بايقالمىغان بولۇشى مۇمكىن. تۆۋەندە بىرۇنىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

«ئەل ئاسار ئەل باقىيە ئەن ئەل قۇرۇن ئەل ھالىيە» («قەدىمكى خەلقلەردىن قالغان يادىكارلىقلار» تۆۋەندە مۇشۇ بويىچە ئېلىنىدۇ) بىرۇنىنىڭ 27 يېشىدا يازغان تۇنجى ئەسىرى. بۇ ئەسەردە بىرۇنى گرېكلار، رىملىقلار، پارسلار، سوغدىلار، يەھۇدىيلار، مىسىرلىقلار، قەدىمكى خارەزملىقلار قاتارلىق كۆپلىگەن خەلقلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، دىنىي ئېتىقادى، ھېيت ـ بايراملىرى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىدۇ. بىرۇنى بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسىتىنى چۈشەندۈرگەن ھالدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەندىن سورالغان سوئاللارغا ئېلىپ كېلىدىغان سەۋەبلەرنىڭ يېقىنراقى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ۋە ئىلگىرىكى دەۋرلەرنىڭ ۋەقەلىرىنى بىلمەكتۇر. چۈنكى خەۋەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋاللىرى، قائىدە ـ يوسۇنلىرى ۋە شەرىئەتلەرنىڭ بايانىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى بىلىش ئەقلىي نەرسىلەرگە تايىنىش، سەزگىلى بولىدىغان نەرسىلەرگە سېلىشتۇرۇش بىلەنلا بولماي، بەلكى كىتاب ئەھلىلىرىگە ۋە تۈرلۈك خاھىش ئىگىلىرىگە ئاساسلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تارىخ ئىسپاتىدا ئۇلارنىڭ سۆز ۋە خاھىشنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇش كېرەك بولىدۇ. لېكىن ئالدى بىلەن نەپسنى كۆپچىلىك مۇپتىلا بولغان ئويۇن ـ كۈلكىدىن، ئەپسۇسلىنىش غەلۋىلىرىدىن، كەيپ ـ ساپا، مەغرۇرلۇق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يامان خۇلقلاردىن تازىلىماق لازىمدۇر. بۇ بايان قىلغانلىرىم توغرا مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئەڭ مۇناسىپ يول، شەك ـ شۈبھىلەرنى كەتكۈزۈشكە قۇۋۋەتلىك يار-
دەمچىدۇر. ھەرقانچە مۇشەققەت چېكىلسىمۇ، بۇنىڭدىن باشقا سەۋەب بىلەن ئىستەككە يېتىش مۇمكىن ئەمەستۇر» ⑥ .

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بىرۇنى بۇ ئەسەرنى يېزىشتا ئۆز دەۋرى كىشىلىرى دۇچ كەلگەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتقان. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار، پىداكار پەرزەنتى سۈپىتىدە، دەۋر تەقەززا قىلغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشنى ۋە كىشىلەرنى بۇ ھەقتىكى توغرا چۈشەنچىلەردىن بەھرىمەن قىلىشنى بىر خىل بۇرچ دەپ ھېسابلىغان.

بىرۇنى نەزەر دائىرىسى كەڭ، يىراقنى كۆرەر ئەقىل ساھىبى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ ئەسەرنى يېزىشتا يەنە كېيىنكى ئەۋلادلارنىمۇ كۆزدە تۇتقان. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىنساننىڭ ئۆمرى بىر مىللەتنىڭ ھەممە خەۋەرلىرىنى بىلىشكە كۇپايە قىلمايدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ھەممە مىللەتلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى بىلىشكە قانداق كۇپايە قىلسۇن، بۇ مۇمكىن ئەمەستۇر. ئەمدى ئىش شۇنداق بولغانىكەن، بىزگە لازىمى شۇكى، خەلقلەرنىڭ خەۋەرلىرىدىن يېقىنراق ۋە مەشھۇرراقلىرىنى ئالساق، بۇ خەۋەرلەرنى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن توپلىساق، مۇمكىن بولغىنىنى ئىسلاھ قىلىپ باشقىلىرىنى ئۆز پېتى قالدۇرساق، بۇ ئىشىمىز ھەقىقەتنى ئىزدىگەن ھېكمەت دوستلىرىغا ياردەمچى بولسا ۋە بىز يېتىشەلمىگەن نەرسىلەرگە ئۇلارنى يېتىشتۈرسەك دېگەن ئۈمىدتىمىز» ⑦ .

«تەھقىق مالىل ھىند مىن مەقئۇلە مەقبۇلە فىل ئەقل ئەۋ مەرزۇلە» («ھىندلارنىڭ ئەقىلگە سىغىدىغان ۋە سىغمايدىغان تەلىماتلىرىنى ئېنىقلاش») بۇ بىرۇنىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئادەتتە ئىلىم ساھەسىدە قىسقارتىلىپ «ھىندىستان» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر (بۇ ئەسەر ھەققىدە تۆۋەندە مەخسۇس توختىلىدىغان بولغىنىم ئۈچۈن، بۇ يەردە ئىسمىنى ئاتاش بىلەنلا كۇپايىلىنىمەن).

«تەھدىت نىھايەت ئەل ئەماكىن لى تەسھىھ مەسايەت ئەل مەساكىن» («تۇرار جايلار ئارىسىدىكى مۇساپىلەرنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، مەنزىللەرنىڭ چېگرىلىرىنى بەلگىلەش») بۇ ئەسەر ئىلىم ساھەسىدە «گېئودېزىيە» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. بىرۇنىنىڭ بۇ ئەسىرى 1025 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى يېزىپ تاماملانغان. بىرۇنىنىڭ بۇ

ئەسەردىكى مۇھىم نەتىجىلىرىنىڭ بىرى يەر شارىنىڭ بىر قەدەر ئېنىق بولغان ئۆلچىمىنى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت. گەرچە بىرۇنىدىن ئىلگىرىمۇ بىر قىسىم ئالىملار يەر شارىنىڭ ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن خېلى زور ئېنىقسىزلىقلار مەۋجۇت ئىدى. ئىتالىيىلىك ئالىم ك. ئا. ناللونونىڭ ئېنىقلىشىغا قارىغاندا، بىرۇنى بۇ مەسىلىدە ناھايىتى زور نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، مېرىدىئان ئۆلچىمىدە پەقەت 620 مېتىر پەرق بولغان ⑧ . جۇگولى ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئىسلام مائارىپى ۋە ئىلىم ـ پەن» دېگەن كىتابچىسىدا، بىرۇنىنىڭ مەزكۇر ئەسىرىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، ئۇنىڭ گېئودېزىيە ساھەسىدىكى نەتىجىلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، «ئەمەلىيەتتە بىرۇنىنى گېئودېزىيە ئاۋانگارتى دېيىشكە بولىدۇ، ئۇ گېئودېزىيە ۋە ماتېماتىكىلىق جۇغراپىيىگە دائىر 15 پارچە ئەسەر يازغان. ئۇ مېرىدىئان ۋە پاراللېلنى ئۆلچەپ بېكىتىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپلا قالماستىن، يەنە تاغ چوققىسى ۋە باشقا جىسىملار ئېگىزلىكىنى ئۆلچەشنىڭ ئەپلىك ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، گېئودېزىيىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان» دەپ يازىدۇ ⑨ .

«ئەل قانۇن ئەل مەسئۇدى» («مەسئۇد قانۇنى») بۇ ئەسەر سۇلتان مەسئۇدقا بېغىشلاپ يېزىلغان بولۇپ، بىرۇنىنىڭ ئاسترونومىيە ۋە باشقا تەبىئەت پەنلىرىگە دائىر مۇھىم ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سۇلتان مەسئۇد بۇ ئەسەر ئۈچۈن بىرۇنىغا بىر پىل كۆتۈرەلمىگۇدەك كۈمۈش ئىنئام قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ ئىنئامنى قوبۇل قىلمىغانىكەن ⑩ . بىرۇنى بۇ ئەسەرنى ئۆز دەۋرىگىچە بولغان ئاسترونومىيىگە دائىر مەسىلىلەرنى دەلىللەش ۋە ئۆزىنىڭ ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش مەقسىتىدە يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاسترونومىيە تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مول ماتېرىياللار، ئىلغار قاراشلار شەرھلەنگەن. جۈملىدىن، يەرنىڭ شار شەكلىدە ئىكەنلىكى، بارلىق جىسىملارنىڭ يەرنى مەركەز قىلىپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلمىي پرىنسىپلار يەكۈنلەنگەن. بۇ بىرۇنى مەنسۇپ بولغان ئوتتۇرا ئەسىر ئىلىم ـ پەنىگە نىسبەتەن غايەت زور يېڭىلىق ئىدى. شۇڭا پاكىستانلىق ئالىم، نوبېل مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى ئابدۇسالام ئۆزىنىڭ «ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلىم ـ پەن ئە-جادىيەت قۇدرىتى» دېگەن نۇتۇقىدا، بىرۇنى ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى گاللىيېغا ئوخشاش ئوتتۇرا ئەسىرگە ئەمەس، بەلكى ئەڭ زامانىۋى ئېقىمغا تەۋە ئىدى» دەيدۇ ⑪ . بۇ ئەسەردە ئاسترونومىيە مەسىلىلىرىدىن باشقا يەنە ماتېماتىكا، ترىگونومېترىيە، جۇغراپىيە، تارىخ ۋە ئېتنوگراپىيىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەلۇماتلار بايان قىلىنغان.

«كىتاب ئەل جەماھىر فى مەرىفەت ئەل جەۋاھىر» («قىممەت باھا تاشلارنى بىلىش بويىچە مەلۇماتلار توپلىمى») بۇ ئەسەر پەندە «مىنېراللوگىيە» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بولۇپ، مەركىزىي ئاسىيا، يېقىن شەرق ۋە ياۋروپا ئەللىرى بويىچىمۇ مۇشۇ ساھەدىكى ئەڭ نادىر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا تۈرلۈك جاۋاھىرلار، مەدەنلەر ھەققىدە ئىلمىي، قىزىقارلىق مەلۇماتلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇش بىلەن بىرلىكتە، ئەرەب، پارس، تۈرك شائىرلىرىنىڭ ئەنە شۇ جاۋاھىر، مەدەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئارقىلىق بىرۇنى ئەسەرنىڭ چۈشىنىشلىك، جەلپ قىلىش كۈچىگە ۋە ئۇنۇمدارلىقىغا ئىگە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماي، بەلكى بىر بۆلەك نادىر ئەدەبىي مىراس ۋە ئۇچۇرلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىدا ۋاستىلىك رول ئوينىغان. ئىلمىي مەسىلىلەرنى بايان قىلىشتا بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتەك بۇ خىل ئۆزگىچە ئۇسۇل ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ.

«كىتاب ئەت تەفۋىم» بۇ ئەسەرنىڭ تولۇق ئىسمى «كىتاب ئەت تەفۋىم لى ئەۋائىل سەنائەت ئەت تەنجىم» يەنى «مۇنەججىملىك سەنئىتىدىن دەسلەپكى چۈشەنچىلەر» بولۇپ، 1029 ـ يىلى غەزنىدە يېزىلغان. ئەسەردە ئاسترونومىيە ئىلمى ۋە بۇ ئىلىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە پەنلەر ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلار بايان قىلىنغان. گېرمانىيىلىك ئې. ۋىدېمان ئەپەندى بۇ ئەسەر ھەققىدە: «بۇ قامۇس خاراكتېرىگە ئىگە مەشھۇر ئەسەر. ئۇنىڭدا مېترولوگىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە ۋە مۇنەججىملىك ئىلىملىرىگە دائىر مەخسۇس ئۇقۇملار ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلغان» دەيدۇ ⑫ .

«ئەس سەيدانە فىت تىب»، «دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدە») بۇ بىرۇنىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا يازغان

www.uyghurkitap.com



تېبابەتچىلىككە دائىر ئەسەر بولۇپ، تاماملانماي قالغان. ئۇنىڭدا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىكى دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر، ئۇلارنىڭ ھەر قايسى تىللاردىكى ئاتىلىشى ۋە رولى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. ھەرقايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ مۇشۇ ھەققىدىكى ئەسەرلىرىدىن پارچىلار كەلتۈرۈلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بىرۇنىغا ئائىت ئىزدىنىشلەردە ئالىمنىڭ «كىتاب ئۇل ماقالات ۋەل ئەرز ۋەد دىيانەت («ماقالىلەر، ئېتىقادلار ۋە دىنلار ھەققىدە»)، «كىتاب فى ئەخبارى خارەزم»، («خارەزم خەۋەرلىرى»)، «كىتاب تارىخي ئەييام ئەس سۇلتان مەھمۇد ۋە ئەخبارى ئەبىي» («سۇلتان مەھمۇد تارىخى ۋە ئاتىسى ھەققىدىكى خەۋەرلەر»)، «كىتاب فى ئەخبارات ئىل مۇبەييىزات ۋەل كارامىتە»، («ئاق كىيىملىكلەر ۋە كارماتىيلار ھەققىدە مەلۇماتلار») قاتارلىق ئەسەرلىرى تىلغا ئېلىنغان.

بىرۇنى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ھادىسىلىرى، بولۇپمۇ ئىلىم ـ پەن نەتىجىلىرىنى بىر ـ بىرىگە تونۇشتۇرۇش جەھەتتە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. ئۇ سانسكرىت تىلىدىكى بىر قىسىم ئەسەرلەرنى ئەرەب تىلىغا، ئەرەب تىلىدىكى بىر قىسىم ئەسەرلەرنى سانسكرىت تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ھەتتا يۇنان تىلىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئېۋكلىتنىڭ «ئىساغۇجى»، پتولومېينىڭ «ئالماگېستا» ناملىق ئەسەرلىرىنىمۇ سانسكرىت تىلىغا تەرجىمە قىلغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا بىرۇنىنىڭ پەقەت سانسكرىت تىلىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرىلا 20 دىن ئارتۇق ئىكەن. بىرۇنىنىڭ تەرجىمە ئىشلىرىغا بولغان پوزىتسىيىسىمۇ ئىلمىي ۋە ئۆزگىچە خاس بولۇپ، ئەسلىگە سادىق بولۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇ «كەلىلە ۋە دىمنە» ئەسىرىنىڭ تەرجىمىسى كۆزدە تۇتقان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «بىزچە ‹كەلىلە ۋە دىمنە› دەپ مەشھۇر بولغان ‹پانچاتانترا› كىتابىنى ئىمكانىيەت تېپىپ تەرجىمە قىلسام، دېگەن ئارزۇيۇم بار، چۈنكى بۇ كىتاب، ئابدۇللا ئىبىن مۇقەپپا كەبى ئۆزگەرتىۋەتمەسلىككە ئىشىنىپ بولمايدىغان بىر گۇرۇھ كىشىلەر تەرىپىدىن ھىندىچىدىن پارسچىغا، كېيىن پارسچىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنىپ كەلدى. ئەل مۇقەپپا ‹كەلىلە› كىتابىغا ئۆزى بەرزاۋەيھ بابىنى قوشتى. باب قوشۇپ ئىشەنچىسىز بولغان كىشى تەرجىمىدىمۇ جۈملە قوشۇپ، ئىشەنچىسىز بولۇشتىن خالىي بولالمايدۇ» (13) .

«ھىندىستان»

«ھىندىستان»ــ بىرۇنىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئالىملارنىڭ ئېنىقلىشىچە، بۇ ئەسەر مىلادىيە 1030 ـ يىلىنىڭ 30 ـ ئاپرېلىدىن، 1031 ـ يىلىنىڭ 19 ـ دېكابىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىپ تاماملانغانىكەن. ئەسەرنىڭ يېزىپ تاماملىنىشىغا كەتكەن ۋاقىتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا يورۇتۇلغان مەلۇماتلار شۇ قەدەر كەڭ دائىرىلىك ۋە شۇ قەدەر قىممەتلىكتۇر. بۇ نۇقتىدىن، بىرۇنىنىڭ بۇ ماۋزۇ ئۈستىدە خېلى ئۇزاق مەزگىل ئىزدەنگەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئەنگلىيە ئالىمى خاملتون. ئا. گىببىنىڭ ئەسەرنىڭ يېزىلىشىغا 13 يىل ۋاقىت كەتكەنلىكىنى تەكىتلىشى بۇ پەرەزنى كۈچلۈك ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ (14) .

بىرۇنىنىڭ يېزىشىچە، ئۇ ئۆزىنىڭ ھىندىستان ھەققىدىكى بۇ ئۆلمەس ئەسىرىنى ئەبۇ سەھل ئابدۇمۇنئىم ئىبن ئەلى ئىبىن نوھ تىفلىسي دېگەن كىشىنىڭ ئىلتىماسى بىلەن يازغان. بىرۇنى بۇ زاتنى زور ئېھتىرام بىلەن «ئۇستاز» دەپ تىلغان ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىملىكى، قاچان، قەيەردە ياشاپ، نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى، بىرۇنى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقى تېخى نامەلۇم.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، بىرۇنى ھىندىلارنىڭ قەدىمكى تىلى بولغان سانسكرىت تىلىنى پۇختا ئىگىلىگەن. شۇڭا ئۇ بۇ تىلدا يېزىلغان ھەرخىل كىتابلار، بولۇپمۇ ھىندىلارنىڭ تارىخى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئائىت بىرىنچى قول مەنبەلەر بىلەن بىۋاستە تونۇشقان. نەتىجىدە ئۆزى باشقا بىر مىللەت، باشقا بىر ئەل ۋە باشقا بىر دۇنيا قاراشنىڭ مەھسۇلى بولغان بىرۇنى ھىندىستان ھەققىدىكى بىر يىرىك ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يېزىپ چىققان.

گېرمان ئالىمى، شەرقشۇناس ئېدۋارد زاخاۋ (1845 ـ 1930) 1876 ـ يىلى بىرۇنىنىڭ «قەدىمكى خەلقلەردىن قالغان يادىكارلىقلار» دېگەن ئەسىرىنى ئىنگلىزچە تەرجىمىسى بىلەن نەشرگە تەييارلايدۇ. ئارىدىن 11 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 1887 ـ يىلى «ھىندىستان»نىڭ

ئەرەبچە مەتىننى نەشرگە تەييارلايدۇ، ئاردىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن «ھىندىستان»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى لوندوندا نەشر قىلدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەر ئىلىم ساھەسىدە مۇھىم بىر نۇقتىغا ئايلىنىدۇ. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ھىندىشۇناس، شەرقشۇناس ئالىملىرى بۇ ئەسەرنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىلىم ساھەسىدە تۇتقان ئورنىغا يۇكسەك باھالارنى بېرىدۇ. زاخاۋ ھىندىشۇناسلىقتا بىرۇنىدىن بۇرۇنمۇ، كېيىنمۇ ئۇنىڭغا تەڭلىشەلىگۇدەك بىرەر ئالىمنىڭ بولمىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ، رۇس ئالىمى، ئاكادېمىك ۋ. ر. روزېن «ھىندىستان»نى «شەرق ۋە غەربنىڭ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى پۈتۈن ئىلمىي ئەدەبىياتىدا تېڭى يوق ئەسەر» دەپ باھالايدۇ. ھىندى ئالىمى ھەمىد رىزا «ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېڭى زامان ئاپتورلىرىدىن ھېچقايسىسى ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ مۇرەككەپ مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر ئىلمىي روھتا چۈشىنىشتە بۈيۈك ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ئېرىشكەن ئۇتۇقلارغا ئېرىشەلمىدى» دېسە، ھىندىستاننىڭ يىرىك دۆلەت ئەربابى جەۋاھەرلەل نېرۇ ئۆزىنىڭ «ھىندىستاننىڭ بايقىلىشى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە «بىرۇنى يۇنان پەلسەپىسىنى ئۆگىنىپ، ھىندى پەلسەپىسىنى مۇتالىئە قىلىش ئۈچۈن سانسكرىتچىنى ئۆگىنىدۇ. بىرۇنى ھىندى ۋە يۇنان پەلسەپىسىنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، بۇلارنى، مەۋجۇت بولغان ئومۇمىيلىقىنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالىدۇ. بىرۇنىنىڭ كىتابى پاكىتلىق ماتېرىياللارغا باي بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇرۇش، تالان - تاراج، ئاممۇۋى قىرغىنلارنىڭ بولۇشىغا قارىماي، يەن ئەھلىلىرىنىڭ ئۆز ئىشلىرىنى داۋام ئەتتۇرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىككى ئارىنى نەپرەت ۋە مۇتەئەسسىپلىك كەيپىياتلىرى بۇزۇپ تۇرغان پەيتلەردىمۇ بىرۇنى يات ئادەم بولۇپ تۇرۇپ، بۇ ئەل كىشىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ» دەپ يازىدۇ (15).

«ھىندىستان» جەمئىي 80 بابلىق ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ھىندىستان ۋە ھىندى خەلقىگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار ھەتتا ئۇششاق تەركىبلەرگىچە ئاساسەن ئۆز ئەكسىنى تاپقان. بۇنى «ھىندىستان»نىڭ مۇندەرىجىسىدىنلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «ھىندىلارنىڭ ئەقلىي ۋە ھېسسىي مەۋجۇت نەرسىلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى»، «مەخلۇقاتلارنىڭ جىنسلىرى ۋە ئىسملىرى ھەققىدە»، «ھىندىلارنىڭ گراماتىكا ۋە شېئىر ھەققىدىكى كىتابلىرىنىڭ بايانى»، «ھىندىلارنىڭ شەھەرلىرى، دەريالىرى، دېڭىزلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى، مەملىكەتلىرى ۋە چېگرىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىم مۇساپىلەرنىڭ ئۆلچىمى ھەققىدە»، «پلانېتلار ۋە بۇرۇجلارنىڭ ئىسملىرى، ئاي ھېسابى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار ھەققىدە»، «سەدىقە ۋە كەسپتىن كېلىدىغان مەھسۇلات توغرىسىدا»، «ھالال ۋە ھارام ھېسابلىنىدىغان يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەر ھەققىدە»، «ھىندىلاردا نىكاھ، ھەيز كۆرۈش، بەچچەداندىكى بالا ۋە تۇغۇت» دېگەندەك.

بىرۇنى ئەسەرنى يېزىشتا ھەقىقىي ئىلىم ساھىبىغا خاس لىللا نۇقتىئىنەزەرنى چىقىش قىلىپ، ھىندىستان خەلقىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. مەسىلەن، بىرۇنى ھىندىلارنىڭ تەڭرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ھەققىدە توختىلىپ، بۇ چۈشەنچىلەردىكى بەزى مەسىلىلەرنىڭ (جۈملىدىن ماددا ۋە روھ ھەققىدىكى مەسىلىلەرنىڭ) ھەقىقەتتىن چەتنەپ كەتكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ شەرھلەيدۇ. ھىندىلارنىڭ تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىنىڭ تەڭرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ھەققىدە توختىلىپ «ئۇلارنىڭ تەڭرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى خىلمۇخىل، بەزەن تېتىقسىزلىشىپ كەتكەن، بۇنداق چۈشەنچىلەر باشقا خەلقلەردە، ھەتتا مۇسۇلمانلاردىمۇ بار» دەپ يازىدۇ (16).

بىرۇنىنىڭ بۇ ئەسەردە شەرھلىگەن يەنە بىر زور ئىلمىي مۇۋەپپەقىيىتى ئوتتۇرا ئەسىرگىچە بولغان ئۈچ چوڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت ۋە پەلسەپە يەنى يۇنان مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپىسى، ھىندى مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپىسى، ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپىسى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بارغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. دەرۋەقە بىرۇنى «ھىندىستان»نى تەتقىقات مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە يازغان. بۇ ھەقتە بىرۇنى «كىتاب مۇنازىرىلىشىش ۋە تالاش - تارتىش قىلىش كىتابى ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتابتا رەقىبلەرنىڭ ئىسپاتىنى كەلتۈرمەيمەن ۋە ھەقىقەتتىن چەتنىگەنلەرگە قارشىلىق

www.uyghurkitap.com



كۆرسەتمەيمەن. بۇ پەقەتلا تونۇشتۇرۇش كىتابىدۇر، خا-
لاس» (17) ، دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. ئەمما
بىرۇنى مول بىلىمگە ئىگە ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن،
بەزى مەسىلىلەرنى بايان قىلىش جەريانىدا ئەتراپلىق،
ئىلمىي پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇنى باشقا ئەل خەلقلىرىنىڭ
شۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ناھايىتى
ئەھمىيەتلىك تەتقىقاتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىرۇنىنىڭ
«ھىندىستان» ئەسىرىدە بايان قىلىنغان بۇددا دىنى،
زەردۇشت دىنى، خرىستىئان دىنى، ئىسلام دىنى، ھەتتا بۇ
دىنلارغا تەۋە ھەرخىل مەزھەپ، سۇلۇك ۋە تەلىماتلار
ھەققىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتلار بۇنىڭغا ناھايىتى ياخ-
شى مىسال بولالايدۇ. بۇنىڭدىن يەنە شۇنى كۆرۈۋېلىش-
قىمۇ بولىدۇكى، بىرۇنى ھەرخىل بىر تەرەپلىمە دىنىي قا-
راش ۋە ئەقىدىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇتەئەسسىپلەرچە
زىددىيەتلەر كۈچەيگەن ئوتتۇرا ئەسىر جەمئىيىتىنىڭ بىر
ئەزاسى، ئىسلام دىنىنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتى بولۇپ تۇ-
رۇقلۇقمۇ، ئىلىم نۇقتىسىدىن باشقا دىن ۋە مەزھەپلەر
بىلەن خېلى ئەتراپلىق تونۇشقان. مەسىلەن، بىرۇنى
«ھىندىستان»دا راست گەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەق-
قىدە توختىلىپ كېلىپ، «قۇرئان»دىن ياكى ھەدىسلەردىن
مىسال ئالماستىن، بەلكى «‹پادىشاھلارنىڭ ئالدىدا راست
گەپنى قىلىشتا ئۇلارنىڭ سۈلتىدىن قورقماڭ، ئۇلار
گەۋدىڭىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ، ئەمما نەپسىڭىزگە
تېگەلمەيدۇ، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ بۇ سۆزى ئادەملەرنى
ھەققىي شجائەتلىك بولۇشقا بۇيرۇشتىن ئىبارەتتۇر»(18)
دەپ يازىدۇ. بۇنداق خالىس مەۋقە ئۇچۇن ئەتراپلىق ۋە
چوڭقۇر دۇنيا قاراش، شۇنداقلا زور شجائەت كېرەك،
ئەلۋەتتە!

## بىرۇنىنىڭ ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە رولى

بىرۇنى كۆپلىگەن پەن ساھەلىرىدە، بولۇپمۇ تەبىئىي
پەنلەردە ئوتتۇرا ئەسىر نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى ھا-
زىرقى زامان نۇقتىسىدىنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بول-
غان نۇرغۇن يېڭى قاراش ۋە قانۇنىيەتلەرنى ئوتتۇرىغا
قويدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەينى دەۋردىن
باشلاپلا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى
قوزغىغان. ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىن تاكى ھازىر-
غىچە بىرۇنى ئەسەرلىرىنى ئەتراپلىق ئۆگەنگەن ۋە تەت-
قىق قىلغان ئالىملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ ئى-
لىم ـ پەن، مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ھەم رولىغا
يۇكسەك باھالارنى بەرگەن. 1226 ـ 1286 ـ يىللار ئارىلى-
قىدا ياشىغان سۈرىيىلىك خرىستىئان دىنى مۇخلىسى، تا-
رىخچى ۋە تېۋىپ ئىبوئان بار ئېبرېي بىرۇنىغا باھا بېرىپ
مۇنداق دېگەن: «ئاشۇ ئۆتكەن يىللاردا يۇنان ۋە ھىندى
پەلسەپىسى دېڭىزىنى كېچىپ ئۆتكەن ئەبۇ رەيھان مۇ-
ھەممەد ئىبن ئەھمەد ئەل بىرۇنى تارىختىكى ئىلىملەردە
شۆھرەت قازاندى. ئۇ ماتېماتىكا ئىلىملىرىدە مۇتەخەس-
سىس بولۇپ، بۇ ساھەدە بىر قاتار مۇھىم كىتابلارنى يا-
راتتى. ھىندىستانغا بېرىپ، ئۇ يەردە بىر نەچچە يىل يا-
شىدى، ھىندى پەيلاسوپلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئىلىملىرىنى
ئۆگەندى ۋە ئۇلارغا يۇنان پەلسەپىسىنى ئۆگەتتى. ئۇنىڭ
ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ، پىشۇق ۋە ئىشەنچلىكتۇر. بىر
سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۆز دەۋرىدە، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋە
ھازىرغا قەدەر كەسپداشلىرى ئارىسىدا ئاسترونومىيە
ئىلمىدە بۇنداق بىلىملىك، بۇ ئىلىمنىڭ ئاساسىنى ھەم
نازۇك تەرەپلىرىنى چوڭقۇر بىلىدىغان ئالىم بولمىغان»
(19) .

رۇس ئالىملىرىدىن ئى. كراچكوۋىسكىي «ئۇ شۇ-
غۇللانغان پەن ساھەلىرىنى ساناپ بېرىشتىن كۆرە، شۇ-
غۇللانمىغان ساھەلەرنى كۆرسىتىش ئاسانراق» دېسە،
تولستوۋ «بىرۇنى سىماسىدا ئوتتۇرا ئەسىرلەر شەرقىنىڭ
ئۇلۇغ قامۇسى ئالىمى ئاسترونومى، گېئوگرافى، مىنېرال-
لوگى، ئېتنوگرافى، تارىخچىسى، شائىرىمۇ جەسسەملەن-
گەن» دەيدۇ (20) . دەرۋەقە بىرۇنى ئەنە شۇنداق تەرەپ-
لەرگە ھەققىي مۇناسىپ كېلىدىغان، ئىسمى ـ جىسمىغا
لايىق ئالىم ئىدى. ئۇ «يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا
ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقى نەزەرىيىسى بىلەن يەر شارىنىڭ
قۇياشنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تە-
لىماتنى ئاساسلىغان ھەمدە يەر شارىنىڭ مېرىدىئان ـ پا-
راللېل گرادۇسلىرىنى ئەتراپلىق ئېنىقلىغان» (21). فىزىكا
ساھەسىدە «ئارىستوتىل فىزىكىسىدىكى نۇرغۇن ئاساسىي
تەسەۋۋۇر؛ مەسىلەن، فورمال ماتېرىيال تەلىماتى قاتار-
لىقلارنى تەنقىد قىلىپ، ئەقلىي يەكۈندىن ۋە تەجرىبە قى-
لىش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ تەبىئەت فىزىكىسى



2004 . 3

ھادىسىلىرىنى بىلىشنى تەشەببۇس» (22) قىلغان. ئاسترونومىيە، گېئوگرافىيە، گېئولوگىيە قاتارلىق بىر قىسىم پەنلەردە كوپېرنىك، لېئوناردو داۋىنچى قاتارلىق مەشھۇر ئالىملارغا تەئەللۇق بولۇۋاتقان بەزى بۈيۈك كەشپىياتلارنى ئۇلاردىن خېلى بۇرۇنلا بايقىغانىدى(23)

بىرۇنىنى تارىختا ئاز ئۇچرايدىغان ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئەلچىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇ ئۇلۇغۋار ماتانەت بىلەن ئۆزىنى، ئۆزى مەنسۇپ بولغان دەۋردىن ھالقىغان ھالدا ھەر خىل مىللەت ۋە دىنىي پەرقلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەتنى بارلىق كىشىلەرگە ئورتاق بولغان قىممەتلىك بايلىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇ قەدىمكى يۇنان ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى سانسكرىت تىلىغا، سانسكرىت تىلىدىكى ئەسەرلەرنى ئەرەب تىلىغا، شۇنداقلا پارس تىلىدىكى بىر قىسىم ئەسەرلەرنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى.

بىرۇنى ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى مەسىلەرنى تەھلىل قىلىش، ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىقلاش جەھەتتە كۆپ تەرەپلىمە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىلمىيلىكنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان. ھەر تەرەپلىمە خاھىشچانلىق ئىدىيىسىدىن مۇستەسنا ھالدا ئۆزىگە خاس ئىلمىي مېتودولوگىيە تىكلىگەن. بۇ ئوتتۇرا ئەسىر نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا شەرقتىلا ئەمەس، دۇنيا مىقياسىدىمۇ ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك روھ ھېسابلىنىدۇ.

### بىرۇنى ئەسەرلىرىدىن پارچىلار

بىرۇنى ئەسەرلىرى ھازىرغىچە لاتىن، فرانسۇز، ئىتالىيان، گېرمان، ئىنگلىز، پارس، رۇس، تۈرك، ئۆزبېك قاتارلىق نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. ھالبۇكى، بىزدە «مۇنبەر» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 5 - سانىدا ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان «بىرۇنى بىلەن ئىبنى سىنانىڭ سوئال - جاۋابلىرى» (گەرچە تولۇق بولمىسىمۇ)نىڭ خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئالىمنىڭ بىرەر ئەسىرى ئۇيغۇر تىلىغا تۇرماق، خەنزۇ تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىنغىنى يوق. بۇ بۈيۈك ئالىمنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئوقۇرمەنلىرىمىزنى دېڭىزدىن تامچە مىسالىدا بولسىمۇ ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتىشنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزۈم كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان ئازغىنە مەنبەلەردىن بىر قىسىم پارچىلارنى كەلتۈرۈپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم.

### «ھىندىستان»دىن

خەۋەر كۆز بىلەن كۆرگەندەك بولمايدۇ، دېگەن كىشىنىڭ سۆزى ناھايىتى توغرىدۇر. چۈنكى كۆرۈش كۆرۈنگەن نەرسىنىڭ ئۆزى بار پەيتىدە ۋە ئۆز جايىدا تۇرغىنىدا قارىغۇچى كۆزىنىڭ ئۇنى ئۇچرىتىشىدىن ئىبارەتتۇر. خەۋەرگە يالغان - ياۋىداقلار قوشۇلمىغاندا، ئۇ كۆرۈشكە نىسبەتەن ئارتۇقراق ئورۇندا تۇرغان بولاتتى. چۈنكى كۆرۈش ۋە قاراش پەيتى نەرسە بار ۋاقىتنىڭ بىر بۆلىكى بىلەن چەكلىنىدۇ. خەۋەر بولسا نەرسىنىڭ (قارىغۇچىغا) كۆرۈنگەن ۋاقىتتىن ئىلگىرى ئۆتكەن ۋە كېيىن كېلىدىغان ھاللىرىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەۋەر بار نەرسىلەردىنمۇ، يوق نەرسىلەردىنمۇ دېرەك بېرەلەيدۇ. يېزىش خەۋەر تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنى باشقا تۈرلەردىن كۆرە، شەرەپلىكرەك ساناش مۇمكىن؛ قەلەمنىڭ ئەبەدىي ئىزلىرى بولمىغاندا، خەلقلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى نەدىن بىلەر ئىدۇق؟!

× × ×

خەۋەر خەۋەر بەرگۈچىلەر سەۋەبلىك راستلىق ۋە يالغانلىق تۈسىنى ئالىدۇ، چۈنكى ئادەملەرنىڭ مەقسەتلەرى خىلمۇخىل، خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش كۆپ.

× × ×

شۇنداق كىشىلەرمۇ بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە يالغان خەۋەر تارقىتىش ئورنىشىپ قېلىپ، گويا ئۇنىڭغا شۇ ۋەزىپە يۈكلەنگەندەك بولىدۇ ۋە يالغان خەۋەر تارقاتماستىن تۇرالمايدۇ، بۇ يامان خاھىشلاردىن ۋە تەبىئىتىگە بۇزۇق پىكىرلەرنىڭ ئورناشقانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

× × ×

راستچىللىقنىڭ شېرىنلىكىنى تېتىمىغان ياكى شېرىنلىكىنى بىلسىمۇ، تېتىشنى خالىمايدىغان كىشى ئۇنى سۆيمەيدۇ. مەسىلەن، يالغانچىلىق بىلەن مەشھۇر كىشىلەرنىڭ بىرىسىدىن «زادى راست گەپ قىلغانمۇسەن» دەپ سورالغىنىدا «راست سۆزلەپ قويۇشۇمدىن قورقمىسام، ياق دەر ئىدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن.

uyghurkitap.com



× × ×

ھىندىلارنىڭ ھەر خىل ئىلىملار ھەققىدىكى كىتابلىرى ئۆز زوقىغا ماس تۈرلۈك ۋەزىنلەردە تىزما (مىسرالىق) شېئىر قىلىپ تۈزۈلگەن. تىزما بولۇشىدىكى مەقسەت، ئاشۇ كىتابلارنىڭ ئۆز ھالى ۋە مىقدارى (ئەسلىي ھالىتى ۋە ھەجمى) بىلەن ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى كىتاب تىزما رەۋىشتە يېزىلسا، ئۇ تىزمىنىڭ ئىچىگە بىرەر سۆز قوشۇلسا ياكى قىسقارتىلسا، تىزمىنىڭ ۋەزنى بۇزۇلۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتكەنلىكى دەرھال ئايان بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، تىزمىنى يادلاش ئاسان بولىدۇ، ئۇلار يېزىشقا ئەمەس، بەلكى يادلاشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

× × ×

شامانىيە دەپ مەشھۇر بولغان دىندىكىلەر ھىندىلارنىڭ براھمانلىرىغا قاتتىق دۈشمەنلىك قىلىسمۇ، ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن كۆرە، ھىندىلارغا يېقىنراق تۇتىدۇ. قەدىمكى ۋاقىتلاردا، خۇراسان، پارس، ئىراق، مۇسلدىن تارتىپ شامغىچە بولغان مەملىكەتلەردىكىلەر تا زەردۇشت ئەزەربەيجاندىن چىقىپ بەلختە مەجۇسىي دىنىغا دەۋەت قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا شامانىيە دىنىدا ئىدى.

× × ×

بىلىمسىزلىك دەۋاسى يوق بىر كېسەللىكتۇر؛ شۇنداق بولغاچ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىچە، دۇنيادا ئۆز يەرلىرىدىن باشقا يەر يوق، ئۆز تائىپىسىدىن باشقا خەلق يوق، ئۆز باشلىقلىرىدىن باشقا پادىشاھلار يوق. ئۆزلىرىدىكىدىن باشقا ئىلىم يوق ۋە ئۆز دىنىدىن باشقا دىن يوقتۇر.

× × ×

مەن خاتانى تۈزەتمەكچى ئەمەسمەن. چۈنكى ھەق ۋە توغرا چۈشەنچىدىن باشقا ئېتىقادلار ھەقىقەتتىن يىراقتۇر. ھەقىقەتتىن يىراق بولغانلىقى سەۋەبلىك، دىنسىزلىقمۇ بىر دىن ھېسابلىنىدۇ. لېكىن يۇنانلار ئۆزلىرىنىڭ پەيلاسوپلىرى سەۋەبلىك ھىندىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ پەيلاسوپلىرى ئاۋام خەلق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يۇقىرى تەبىقىلىرى ئۈچۈن ئۇسۇل ۋە قائىدىلەرنى ئىشلەپ چىققان.

× × ×

سۇقرات ئۆز خەلقى ئاممىسىنىڭ سەنەملەرگە ئىبادەت قىلىشىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، تىلدا بولسىمۇ ئاسمان جىسىملىرىنى خۇدا دەپ ئاتاشتىن باش تارتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئافىنانىڭ ئون ئىككى قازىسىدىن ئون بىرى بىر ئاۋازدىن ئۇنى ئۆلتۈرۈلۈشكە پەتىۋا بەردى. سۇقرات بولسا ھەق يولدىن قايتمىغان ھالدا ئۆلۈپ كەتتى.

× × ×

ھەر بىر خەلقتىكى يۇقىرى تەبىقە بىلەن ئاۋام خەلقنىڭ ئېتىقادى بىر ـ بىرىدىن باشقىچىرەك بولىدۇ. چۈنكى يۇقىرى تەبىقىنىڭ تەبىئىتى ئەقلىي نەرسىلەر ئۈستىگە مەركەزلىشىپ، ئەسلىي ۋە ئاساسنى ئېنىقلاشنى نىشان قىلىدۇ. ئاۋام خەلقنىڭ تەبىئىتى بولسا سەزگىلى بولىدىغان نەرسىلىرى بىلەن چەكلىنىپ، ئەسلىدىن كېلىپ چىققان شاخاپچىلارغا قانائەت قىلىدۇ، تەكشۈرۈشنى خالىمايدۇ.

× × ×

ھىندىلارنىڭ پاك تەڭرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى مۇنداق: تەڭرى يەككە، ئەزەلدىن بار، بارلىقىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرى يوق، خالىغىنىنى قىلىدۇ، قۇدرەتلىك ۋە ھۆكۈم ئىگىسى، تىرىك، تىرىلدۈرگۈچى، تەدبىرلىك، ئەشىنى داۋام ئەتتۇرگۈچى، پادىشاھلىقتا يېگانە، ئۇنىڭغا زىتلىشىدىغان ۋە تەڭلىشىدىغان نەرسە يوق؛ ئۇ بىرەر نەرسىگە ئوخشىمايدۇ، بىرەر نەرسە ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ.

ھېكايىمىزنىڭ پەقەت ئاڭلىغان نەرسىگە ئوخشاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدىن بىر ئاز سۆز كۆچۈرىمىز. «پەتەنجالى» كىتابىدا سورىغۇچى دەيدۇ: «ئىبادەتتە مەشغۇل بولغىنىدا مۇۋەپپەقىيەت بەرگۈچى تەڭرى كىم»، جاۋاب بەرگۈچى دەيدۇ: «ئۇ ئەزەلدىن بار ۋە يېگانە بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچبىر نەرسىگە موھتاجلىقى يوق، قىلىدىغان ئىشىدىن بىرەر راھەت بىلەن مۇكاپاتلىنىشنى ئارزۇ ۋە ئۈمىد قىلمايدۇ ياكى بىرەر قاتتىقچىلىقتىن قورقۇپ ئېھتىيات قىلىپ تۇرمايدۇ؛ ياراتقۇچى ئۆزى تۈرلۈك پىكىرلەردىن پاك، چۈنكى ئۇنىڭ يامان كۆرىدىغان رەقىبلىرى ۋە ياخشى كۆرىدىغان تەڭلىرى يوق، زاتەن ئۆز ـ ئۆزىدىن ھامان بىلىملىك، شۇنداق ئىكەن، ئۇ ئۆگىنىلگەن ئىلىم، بىلمىگەن نەرسىلەرنىلا بىلدۈرىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇ ھېچقاچان ياكى ھېچبىر ھالدا بىلىمسىز بولغان ئەمەس». كېيىن سورىغۇچى دەيدۇ:

«ئېيتىپ ئۆتكەنلىرىڭدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ سۈ-

پەتلىرى بارمۇ؟». جاۋاب بەرگۈچى دەيدۇ:

«ئۇنىڭ قەدرى ۋە مەرتىۋىسى ئاجايىپ يۈكسەك، ماكانى يوق، چۈنكى ئۇ ماكان تۇتۇشتىن يۇقىرى ـ ماكانغا ئېھتىياجى يوق؛ ئۇ پۈتۈنلەي ياخشىلىققا خاس، ئۇنى ھەر بىر مەۋجۇدات ئارزۇ قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ بىلىمى يېگىلىنىش ۋە نادانلىق كىرىدىن پاكتۇر.» سورىغۇچى دەيدۇ:

«ئۇنى سۆزلىگۈچى دەپ تەرىپلەيسەنمۇ ياكى يوق-مۇ؟» جاۋاب بەرگۈچى دەيدۇ: «ئۇ ئالىم بولغىنى ئۈچۈن ئەلۋەتتە سۆزلىگۈچىدۇر». سورىغۇچى دەيدۇ:

«ئىلمى سەۋەبلىك ئۇ سۆزلىگۈچى بولسا، ئىلىملىرى سەۋەبلىك سۆزلىگۈچى ھەركىم، ئالىملار بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمە؟» جاۋاب بەرگۈچى دەيدۇ:

«ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر، چۈنكى ئادەملەر ئىلىمنى بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئۆگەنگەن؛ دەسلەپتە ئالىم ۋە سۆزلىگۈچى بولمىغان، كېيىن سۆزلىگۈچى بولغان. (ئۇلار) ئىلىملىرىنى سۆز ئارقىلىق باشقىلارغا ئۆگەتكەن؛ دېمەك، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ۋە ئىلىم ئۆگىتىشلىرى مەلۇم بىر ۋاقىت ئىچىدە بولغان. تەڭرىگە تېگىشلىك ئەھۋال ۋە سۈپەتلەرنىڭ ۋاقىتقا ئالاقىسى يوق. پاك تەڭرى ئەزەلدىن ئالىم ۋە سۆزلىگۈچىدۇر....» سورىغۇچى دەيدۇ:

«بۇ ئىلىم ئۇنىڭغا قانداق كەلگەن؟» جاۋاب بەرگۈچى دەيدۇ:

«ئەزەلدىن ئۇنىڭدا ئالىملىق بار. ئۇ ھېچقاچان بىلىمسىز بولغان ئەمەس. ئۇنىڭ زاتى ئالىم. ئۇ ئاۋۋال ئىلىمسىز بولۇپ، كېيىن ئىلىم ئۆگەنگەن زات ئەمەس...» سورىغۇچى دەيدۇ:

«سەزگۈ ئەزاسى بىلەن بىلىپ بولمايدىغان زاتقا قانداق ئىبادەت قىلىسەن؟» جاۋاب بەرگۈچى دەيدۇ:

«ئۇنى ئىسىم بىلەن ئاتاش ئۇنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، چۈنكى بار نەرسىلەردىنلا خەۋەر بېرىلىدۇ ۋە بار زاتلا ئىسىم بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇ زاتنىڭ بارلىقى سەزگۈلەر بىلەن بىلىنمەسمۇ، (كىشىنىڭ) نەپسى ئۇنى ئەقىل بىلەن تونۇيدۇ ۋە سۈپەتلىرىنى پىكىر قىلىش بىلەن ئۆگىنىدۇ، ئۇنىڭغا قىلىنىدىغان خالىس ئىبادەت ئەنە شۇ. بۇ ئىبادەت داۋام قىلدۇرۇلسا بەختكە ئېرىشىلىدۇ».

× × ×

پېئىل (ئىش) مەسىلىسىدە ھىندىلارنىڭ سۆزى تۈرلۈكچە؛ بەزىلىرى تەڭرىنى ئەڭ ئومۇمىي سەۋەبچى دەپ، پېئىلنى ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىپ شۇنداق دەيدۇ: «چۈنكى فائىل (ئىشلىگۈچى)لەرنىڭ ئىشلىرى تەڭرى تۈپەيلى بولغاچ، تەڭرى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا سەۋەبچى بولىدۇ؛ دېمەك تەڭرىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ».

× × ×

ھىندىلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىلىرىدىن ئاددىي تەبىقىلەرگە ئۆتسەك، ئۇلارنىڭ تەڭرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى خىلمۇخىل؛ بەزەن تېتىقسىزلىشىپ كېتىكەن، بۇنداق چۈشەنچىلەر باشقا خەلقلەردە، ھەتتا مۇسۇلمانلاردىمۇ بار.

× × ×

بىز يۇقىرىدا ھىندىلارنىڭ «تەڭرى ھەممە نەرسىنى ئەتراپلىق بىلىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا ھېچبىر نەرسە مەخپىي قالمايدۇ» دېيىلگەن چۈشەنچىسىنى ھېكايە قىلدۇق. ئەنە شۇنى ئۇلارنىڭ ئاۋام تەبىقىلىرى «ھەممە نەرسىنى ئەتراپلىق بىلىش ـ كۆرۈش بىلەن، كۆرۈش بولسا كۆز بىلەن بولىدۇ؛ ئىككى كۆزلۈك بولۇش، بىر كۆزلۈك بولۇشتىن ئەۋزەلرەكتۇر» دەپ گۇمان قىلىدۇ ۋە تەڭرىنى كامىل ئىلىم ئىگىسى دېمەكچى بولۇپ، ئۇنى مىڭ كۆزلۈك، دەپ تەۋسىپلەيدۇ. مانا شۇنىڭغا ئوخشاش ھەددىدىن تاشقىرى تېتىقسىز خۇراپاتلار ئۇلاردا، بولۇپمۇ ئىلىم بىلەن ئالاقىسى بولمىغان تەبىقىلىرىدە ئۇچرايدۇ.

× × ×

«مىنېراللوگىيە»دىن

ماگنىت تارتىشتا كەھرىۋاغا شېرىكتۇر. جاراھەتلەردىكى ئوقلارنى، تومۇرلاردا قالغان نەشتەر ئۇچلىرىنى ۋە ئېچىلىپ كەتكەن ئۇششاق (مېتال) نەرسىلەرنى تارتىپ ئېلىشتىكى كۆپ مەنپەئەتلىرى بىلەن كەھرىۋادىن ئارتۇقتۇر.

× × ×

ماگنىت سامساق ۋە پىياز بىلەن ئىشقىلانسا تۆمۈرنى تارتىش قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ ۋە بىر نەچچە كۈن سىركە بىلەن ھۆللىنىپ، تىكە قېنىغا چىلانسا ئۇنىڭ تۆمۈرنى تارتىش قۇۋۋىتى يەنە ئەسلىگە قايتىدۇ.

× × ×

ئەگەر تونۇشۇشقا بىر ـبىرىگە زىيان يەتمەسلىك ئىشەنچى قوشۇلسا، بۇ تونۇشۇش يېقىملىق، غەنىيمەت بولۇپ، دوستلۇق نەچچە ھەسسە ئارتىدۇ ۋە ئارىدىن نەپرەت كېتىدۇ.

× × ×

كىشىلەر ئۈچۈن دۇنيادا تۈرلۈك ھاللار بولۇپ، ئۇ ھاللارنىڭ بەزىسى بىلەن ماختىلىپ، بەزىسى بىلەن يامانلىنىدۇ. ماختالغۇچى ھاللارنىڭ پەزىلىتى شۇنىڭدىن بىلىنىدىكى، يامان ھاللارغا ئىگە بولغان كىشى ئۆزىدە بولغان يامان ھاللار ئۈستىدە سۆز بولۇشنى ياقتۇرمايدۇ ۋە يالغاندىن ئۆزىگە ياخشى ھاللارنىڭ نىسبەت بېرىلىشىنى گەرچە مۇناسىپ بولمىسىمۇ، خىجىللىق ۋە رەسۋالىقتىن قېچىش ئۈچۈن سۆيىدۇ.

× × ×

ئىنسانغا روبىرو بولۇنغاندا ئاۋۋال كۆزگە ئۇچرايدىغان نەرسە قىياپىتى ۋە سۇرىتىنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر. ئىنسان ئۆز سۇرىتىنى ئۆزگەرتىشتىن ئاجىز بولسىمۇ، تىلىسىز ھايۋانىدىن ئارقىدا قېلىشنى ئىزدىمىسە نەپسىنى تازىلاشتا ئاجىزلىق ھېس قىلمايدۇ(24).

ئىزاھلار


① «ھۇدۇدۇلئالەم» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 169 ـ بەت.

② ئەردۇغان مەرچىل (تۈركىيە): «سۇلتان مەدمۇد غەزنەۋي»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2002 ـ يىللىق 6 ـ سانىغا قاراڭ.

③ خاملتون. ئا. گىببى، يۇقىرىقى كىتاب 180 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

④ «ئۆزبېكىستان مىللىي ئېنسىكلوپېدىيىسى» 1 ـ توم، 2000 ـ يىلى تاشكەنت نەشرى، 720 ـ بەتكە قاراڭ.

⑤ گابرىئېل فېرراند توپلىغان «ئەرەب، پارس، تۈركلەرنىڭ شەرق ھۆججەتلىرى توپلىمى» جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ قىسىم 679 ـ بەتكە قاراڭ.

⑥ «ئۆزبېكىستاندا پروگرېسسىۋ ئىجتىمائىي پەلسەپىي پىكىرلەر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 1959 ـ يىلى تاشكەنت ئۆزبېكچە نەشرى 77 ـ بەتكە قاراڭ.

⑦ يۇقىرىقى كىتاب 77 ـ بەتكە قاراڭ.

⑧ فازىلە سۇلايمانوۋا (ئۆزبېكىستان): «شەرق ۋە غەرب» 1997 ـ يىلى، تاشكەنت، ئۆزبېكچە نەشرى 239 ـ بەتكە قارالسۇن

⑨ جۇگولى: «ئىسلام مائارىپى ۋە ئىلىم ـ پەن» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 117 ـ ، 188 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑩ «ئەرەب، پارس، تۈركلەرنىڭ شەرق ھۆججەتلىرى توپلىمى» 2 ـ كىتاب، 680 ـ بەتكە قاراڭ.

(11) ئابدۇسالام (پاكىستان): «ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلىم ـ پەن ئىجادىيەت قۇدرىتى»، «جۇڭگو پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر، قازاق شۆبىسى» ئۇيغۇرچە نەشرى 11 ـ بەتكە قاراڭ.

(12) «ئەرەب، پارس، تۈركلەرنىڭ شەرق ھۆججەتلىرى توپلىمى» 2 ـ قىسىم 682 ـ بەتكە قاراڭ.

(13) ئۆزبېكچە «ياش لېنىنچى» گېزىتىنىڭ 1991 ـ يىلى 14 ـ ئاۋغۇست سانىغا قاراڭ.

(14) خاملتون. ئا. گىببى يۇقىرىقى كىتاب 181 ـ بەتكە قاراڭ.

(15) بىرۇنى ۋە ئۇنىڭ «ھىندىستان» ئەسىرى ھەققىدىكى يۇقىرىقى نەقىللەر ئۆزبېكىستاندا نەشر قىلىنغان «ياش لېنىنچى» گېزىتىنىڭ 1991 ـ يىل 14 ـ ئاۋغۇستتىكى سانىدىن ئېلىندى.

(16) بىرۇنىنىڭ «ھىندىستان» ئەسىرىدىن «ياش لېنىنچى» گېزىتىنىڭ 1991 ـ يىل 17 ـ ئاۋغۇست سانىغا بېرىلگەن قىسمىدىن ئېلىندى.

(17) بىرۇنىنىڭ «ھىندىستان» ئەسىرىدىن «ياش لېنىنچى» گېزىتىنىڭ 1991 ـ يىل 16 ـ ئاۋغۇست سانىغا بېرىلگەن قىسمىدىن ئېلىندى.

(18) «ياش لېنىنچى» گېزىتىنىڭ 1991 ـ يىل 14 ـ ئاۋغۇست سانىغا قاراڭ.

(19) «بۈيۈك سىمالار، ئەللامىلەر» تاشكەنت 1995 ـ يىلى ئۆزبېكچە نەشرى. 1 ـ كىتاب، 52 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

(20) نەجمىددىن كامىلوۋ «تەپەككۇر كارۋانلىرى» 18 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

(21) ناجۇڭ: «ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 482 ـ بەتكە قاراڭ.

(22) جۇگولى: «ئىسلام مائارىپى ۋە ئىلىم ـ پەن» ئۇيغۇرچە نەشرى 143 ـ بەتكە قاراڭ.

(23) «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» 1956 ـ يىلى تاشكەنت، ئۆزبېكچە نەشرى. 1 ـ توم، 1 ـ كىتاب 293 ـ بەتكە قاراڭ.

(24) بىرۇنى ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان بۇ پارچىلار «ياش لېنىنچى» گېزىتىنىڭ 1991 ـ يىل 17 ـ ، 16 ـ ، 14 ـ ئاۋغۇست سانلىرىدىن ۋە 1959 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئۆزبېكىستاندا پروگرېسسىۋ ئىجتىمائىي ـ پەلسەپىي پىكىرلەر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.


مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد



# باي قەلەندەر

زۇنۇن قادىرى

مەن ئون ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى تاغام قۇملۇق مەھەللىسىدە قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىغانىدى. يازلىق تاۋۇزى خېلى ئوخشىدى. ئۇنى شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ بېرىش ئۈچۈن تاغام مېنى تاۋۇز باسقان ھارۋىنى ھەيدەشكە تۇتۇۋالدى:

—مەن چوڭ كۆۋرۈك يېنىدىكى باققال قاۋۇل ئاخۇن بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم، بۇ تاۋۇزنى ئۇدول شۇنىڭ دۇكىنىغا ئاپىرىپ چۈشۈرۈپ بەر — دەپ ئىرگىلو ھارۋىغا يۈز تاۋۇز بېسىپ بەردى.

تېخى تاڭ سۈزۈلمىگەنىدى. تاغام ھارۋىنى قېتىپ مېنى شەھەرگە يولغا سالدى. مەن بۇ يولدا خېلى كۆپ ماڭغىنىم ئۈچۈن قورقماي ھارۋىنى ئىتتىكلەتتىم. چوڭ يولغا چىققاندا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. يۈزۈمگە تاڭ شامىلى ئۇرۇلدى، مۈگدەك باسقان كۆزلىرىم ئېچىلىپ، ھارۋىنى تېخىمۇ ئىتتىك ھەيدەشكە باشلىدىم.

شەھەرگە ئىككى چاقىرىمچە قالغاندا، يېرىلغانىيار دېگەن يەرگە بارغىنىمدا، تورغات مىنىپ قولىدا سېمىز بىر كۆكئاتنى يېتەكلىگەن، ئۈستىگە جەندە پېرىجە، بېشىغا توقۇما كولا كىيگەن، چىچى يەلكىسىگىچە چۈشكەن سېرىق ساقاللىق قەلەندەر ئاشىق ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ كېلىپ ھارۋامنىڭ يېنىدا توختىدى ـ دە:

—سەدىقە بالانى يەر، تووۋا گۇناھنى يەر، ھەي ياخشى ئوغۇل، تاۋۇزىڭدىن بىر ـ ئىككىنى بەر، — دەپ ئىككى قولىنى كۆتۈردى.

www.uyghurkitap.com



ـــبۇ ساناقلىق 100 تاۋۇز، بىز بىرى بىلەن سۆزلىشىپ قويغان. ئۇ بۇ تاۋۇزدىن بىرى كەم چىقسا ئالمايدۇ ـــ دېدىم چۈشەندۈرۈپ.

ـــغەۋسىلئەزەم ھەققىدە بەرسەڭ ھەرگىز كەم بولمايدۇ، مانا بۇنى بەر ـــ دەپ قامچىسىنىڭ سېپى بىلەن ھارۋىنىڭ ئالدىدىكى يوغان بىر تاۋۇزنى تۇرتۇپ كۆرسەتتى. مەن قولۇمدىكى تايىقىم بىلەن قامچىسىنى ئىتتىرىۋېتىپ:

ـــياق ـ ياق، بەرمەيمەن ـــ دەپ ئاتنىڭ بېقىنىغا بىرنى ئۇرۇپ، ھارۋىنى ھەيدەپ كەتتىم.

قەلەندەر قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ ئېتىنى دېۋىتىپ كەلدى ـ دە:

ـــسېخىي جەننەتتى، بېخىل دوزىخى، بەرمەمسەن؟ـــ ـ دېدى ۋارقىراپ.

ـــبەرمەيمەن ـــ دېدىم ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ.

ـــبېخىل بەدبەخت، بەرمىسەڭ مانا ئەمىسە ـــ دەپ ئۇستۇېشىمغا قامچا بىلەن بىرمۇنچە ئۇرۇۋەتتى. مەن يەرگە چۈشۈپ يىغلاپ يۈرۈپ ئۇنىڭغا چالما ئاتتىم. زومىگەر قەلەندەر مېنى ئاتلىق قوغلاپ يۈرۈپ يەنە بىر نەچچە قامچا ئۇرۇۋەتتى ۋە بىر نەچچە تاۋۇزنى چېقىۋەتتى. ئۇ يىراقتىن كېلىۋاتقان كىشىلەرنى كۆردى ـ دە، ئات سالدۇرۇپ يېزىغا قاراپ كېتىپ قالدى.

مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىرمۇ تاۋۇز بەرمەي تاياق يېدىم. ئۇ مېنى تونۇمىغىنى بىلەن، مەن ئۇنى تونۇيتتىم. ئۇنىڭ قارادۆڭدىكى قەلەندەر مەھەللىسىدە خېلى ئوبدانلا بەش ـ ئالتە ئېغىز ئۆيلۈك گۈلزارلىق بىر ھويلىسى، ئىككى ئېشەك، بىر نەچچە بورداق قوي ۋە سېمىز ئىككى ئېتى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى قوللىرىغا ئالتۇن ئۈزۈك، قۇلاقلىرىغا ئالتۇن ھالقىلارنى سېلىپ پۇزۇر يۈرۈشەتتى. قەلەندەر ھويلىسىدا يوغان بىر ئۆيىنى مەيدانخانا قىلىۋالغان. مەيدانخانا دېگىنىمىز، قاپاق چىلىمدا نەشە چېكىدىغان ئورۇن، بۇ يەردە ھەر كۈنى ئۆزىگە ئوخشاش ئاشىق دەپ ئاتالغان نەشىخورلار ۋە باشقا بەڭگىلەر توپلىنىپ نەشە چېكىشەتتى. ئۇلار كۆپىنچە ئازنا كۈنلىرى توپلىشىۋېلىپ مۇقام مەشرەپلىرىنى مەشىق قىلاتتى. ئاندىن كېيىن رامىزان ئېيىدا بىر ئايغىچە مەھەللە ـ مەھەللىدە گۈلخان يېقىپ، تاڭ ئاتقىچە مەشرەپ ئوقۇپ، مەھەللە جامائەتلىرىدىن بىر مۇنچە نەرسىلەرنى يىغىۋالاتتى. بىز ياش باللار مەشرەپ ناخشىلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن، قارادۆڭ ۋە روشەنباغلارغا چىقىپ تۇراتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ قەلەندەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلەتتىم. شۇ سەۋەبتىن مەن بۇ سېرىق ساقال ھارامتاماققا تاۋۇز بەرمىگەنىدىم. ئەمما ئۇ مېنى تونۇماي كىچىك كۆرۈپ، يۈزىدىكى ئەۋلىيا، ئاشىق، بىچارە، قەلەندەرلىك نىقابىنى قايرىپ قويۇپ، بوزەك قىلغانىدى. بىراق مەنمۇ كېيىن ئۇنىڭدىن كېلىشتۈرۈپ ئىنتىقامىمنى ئالدىم.

بۇ ۋەقە بۇنداق بولغانىدى:

كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەن قۇملۇق مەھەللىسىدە تۇلۇق ھەيدەپ يۈرگەندە مېنى قامچىلىغان ھېلىقى سېرىق ساقاللىق ئاشىق قەلەندەرنىڭ مەھەللىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ خامانلاردىن كەپسەن ئالغان بىر تاغار بۇغدىيىنى تورغىتىغا، خەقلەردىن يىغقان يېرىم تاغارچە نېنىنى يېتەكلىكتىكى كۆك ئېتىغا ئارتىپتۇ. مەن دەرھال قورۇق ـ تاملاردىن ئارتىلىپ، يۈگۈرگەن پېتى قوشنىمىز روزاخۇننىڭ ئوغلى ـ ئاغىنەم نورۇزنىڭ يېنىغا باردىم ـ دە، ھېلىقى ئاشىقنىڭ مەھەللىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتتىم. ئۆتكەندە مەن ئۇنىڭغا بۇ ئاشىقنىڭ مېنى بوزەك قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەندە، پىرىزىخان موماينىڭ بۇ نەۋرىسى: «خەپ، بىر كۈنى قولغا چۈشسە سېنىڭ ئۆچىڭنى ئېلىپ بېرىمەن» دېگەنىدى. نورۇز مەندىن ئىككى ياشلا چوڭ، ئەمما بەك قورقماس، قاۋۇل بالا ئىدى. بىز نورۇزلارنىڭ قورۇسىدا كالتەك تۇتۇپ ماراپ ئولتۇردۇق.

ـــھەق شەيدىبىئىللا، قەلەندەر كەلدى، بالا كەلمىسۇن ھەر قايسىلىرىغا، سەدىقە بالانى يەر، توۋا گۇناھنى يەر، ئاتىغىنىڭلارنى بەرگەيسىلەر ـــ دەپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، مەن سۇپىنىڭ يېنىدىكى يوغان قارىغاچنىڭ ئارقىسىدىن سەكرەپ چىقىپ:

ـــمانا ساڭا ئاتىغىنىمىز ـــ دەپ كالتەكنى تەڭلەپ ئالدىغا باردىم. ئۇ مېنى تونۇپ، قېتىپ تۇرۇپ قالدى. نورۇز كېلىپ، كالتەك بىلەن ئۇنىڭ غولىغا بىرنى ئۇرۇپ، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىدىن تارتىپ ئالدى.

ـــتۆرەم باللىرىم، مېنىڭ نېمە گۇناھىم بار، مەن غەۋسىلئەزەمنىڭ مورىتى، پېقىر ئاشىق مەن ـــ دەپ يالۋۇردى.

ـــھەي زومىگەر، سەن قانداق ئاشىق بولسەن، سەن مېنى يېرىلغانىياردا بۇلاپ ئۇرغىنىڭنى بىلەمسەن، بۇلاڭچى ئوغرى، ـــ دەپ ئۇنىڭ ئەۋلىيالارنى شېپى كەلتۈرۈپ يالۋۇرغىنىغا قارىماي، قارىياغاچقا باغلاپ قويدۇق. ئۇ بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ ۋارقىراۋەرگەندىن كېيىن مەھەللىدىكى كىشىلەر يىغىلىپ، ئاخىر ئۇنى قويدۇرۇۋەتتى. بىز ئۇنىڭ بىر تاغار بۇغدىيىنى ئۆزىگە قالدۇردۇق، يېرىم تاغار نېنىنى شۇ مەھەللىدىكى ئىككى يېتىم بالىسى بار بىر كەمبەغەل تۇل خوتۇنغا ئاپىرىپ بەردۇق. باي قەلەندەر بولسا بىزدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ، نانمۇ تىلىمەي، شەھەرگە قاراپ بەدەر قاچتى.

مۇھەررىر: مۇختار تۇردى

2004.3



# قىيادىكى ئوۋچىنىڭ نالە-زارى

چ. ئايتماتوف، م. چاقانوف



**ئايتماتوف:** هۆكۈمرانىنىڭ ئۆز خەلقىگە قىلغان ئاشكارا ياخشىلىقى بىلەن يامانلىقىمۇ تارىخ بېتىدە قېپقالغان ئەمەسمۇ؟ مەسىلەن، ئىۋان گروزنىي ① مۇشۇلار مېنى كەينىمدىن سېتىۋېتىشى مۇمكىن، دېگەن گۇمان بىلەن پۈتكۈل نوۋگورۇد شەھىرىنى كۇمپەيكۇم قىلىپ، خەلقىنى قان دەرياسىغا پاتۇرۇپ، قىرىپ تاشلىغان ئەمەسمىدى؟ بۇ تارىختا ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدىغان قايغۇلۇق ۋەقە. دېمەك، هۆكۈمرانلار ئۆز مەنپەئىتىنى خەلق مەنپەئىتىدىن يۇقىرى قويدىمۇ، بولدى، ئۆز دەۋرىدىمۇ، كەلگۈسى ئەۋلاد ئالدىدىمۇ لەنەتلا تۇرىدۇ.

**چاقانوف:** «ئاقساق قۇلان، جوشى خان» هېكايىسىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدۇ.

ئايالى بۆرتە كەرەيلەرگە ئەسىرگە چۈشكەندە قورساقتا كەلگەن جوشىنى ياتسىرىغان غەزەپناك چىڭگىزخان ئۇنى ھەمىشە چەتكە قاقىدۇ. تۆت ئوغلىنىڭ ئىچىدە ئۇ ئەڭ زېرىكى بولغاچقا، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈشكە رايى بارمايدۇ. ئاخىرى جوشىنىڭ ئوۋغا چىققان پەيتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ كەينىدىن جاللاتلىرىنى ئەۋەتىدۇ. ئاقساق قۇلانى قوغلاپ ئۇزاپ كەتكەن جوشى ئىزىغا چۈشكەن قانخورلارنىڭ قولىدا قازا قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىنمۇ قالتىس رىۋايەت مۇنداق ئەۋجىيدۇ: ئوغلىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلگەن چىڭگىزخان ئەل ئالدىدا يالغان قارا تۇتىدۇ ـ دە: «كىمدەكىم جوشىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلاتسا، شۇنىڭ گېلىغە قوغۇشۇن قۇيىمەن» دەپ باغرىنى يەرگە يېقىپ يىغلاپ يېتىۋالىدۇ. شۇم خەۋەرنى ئاڭلىتىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايدۇ. شۇ چاغدا ياش بىر كۈيچى يىگىت دومبىرىنى سازلاپ، ئاھ ئۇرۇپ، قىلغان سەۋەنلىكىگە پۇشايمان قىلىۋاتقان خان ئالدىدا تىزلىنىپ «ئاقساق قۇلان، جوشى خان» كۈيىنى چالغىنىكەن دېيىشىدۇ. ھەسرەتلىك كۈي نالە قىلىپ توختىماپتۇ. باغرى تاشتىنمۇ قاتتىق چىڭگىزخان تۆشۈكىدە ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ، ئۇستىخان ـ ئۇستىخانلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۇ كۈينىڭ مۇڭىغا چىديالماي بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— جوشىنىڭ ئۆلۈمىنى ئاڭلاتقان بۇ كاززاپنىڭ تاڭلىيىغا قوغۇشۇن قۇيۇڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

— داد تەقسىر، — دەپتۇ شۇ چاغدا كۈيچى يىگىت، — بالىڭىزنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزگەن مەن ئەمەس، ماۋۇ شۇم تاختايدىن ياسالغان دومبىرا، قوغۇشۇن قۇيسىڭىز مۇشۇ دومبىراغا قۇيۇڭ!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



سۆزدىن يېڭىلگەن چىڭگىزخان ئامالسىز قېلىپ، ئاخىر
مىللىي چالغۇ ئەسۋابىنى جازالىغان دېيىشىدۇ.

چىڭگىزخاننىڭ تۆت پەرزەنتى ئىچىدە ئۆزى ھۆكۈمە-
رانلىق قىلغان خەلققە ياخشىراق بولغان جوشى خاننىڭ
گۈمبىزى قازاقىستاننىڭ ئۇلۇغ تاغ باغرىدا، چىڭگىزخان
بىلەن ئۇنىڭ باشقا ئۈچ ئوغلى ـ تۆلە، ئۇكتاي، چاغاتاي-
لارنىڭ يەر يۈزىدە قەبرىسىمۇ قالغان ئەمەس.

**ئايتماتوف:** «ياخشىدىن ئات قالىدۇ، ياماندىن داد
قالىدۇ» دېگەن شۇ.

**چاقانوف:** ئاخىرقى بەش ئەسىرنىڭ مۇشەققەتلىك
ئۆتكەللىرىگە كۆز تاشلىسىڭىز، قازاقىستان بىلەن ئوتتۇرا
ئاسىيا خەلقى تولپارلىرىنىڭ تېپىنگىسىنى تەردە چىرىتىپ
يېغىلىق بىلەن تاجاۋۇزچىلىقتىن قۇتۇلالماپتۇ. ئومۇمەن،
تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدە
خانلىق دەۋرنىڭ ئىنتايىن زور تەسىرى بولغانلىقىنى بى-
لىمىز. قازاق تارىخىدا ئۈچ يۈزنىڭ② تۇتىدىغان ئورنى
ئالاھىدە. ئارقىدىن ياۋ كۆرۈنسە سىر بويىغا پىتراپ، ئا-
لتاغدىن دۈشمەن ھەملە قىلسا، يايىقنى ياقىلاپ ماڭغان
خەلقنى دەھشەتلىك قىرغىندىن ئابلەي ① خاننىڭ سىيا-
سەتدانلىقىلا قۇتقۇزۇپ قالغان. جۇڭگو بىلەن دىپلوماتى-
يىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۆز ئوغلىنى ئامانەتكە بەر-
گەن ئابلەيخان رۇسىيىگىمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ ئىناق قوش-
نىدارچىلىقنى تەۋسىيە قىلغان. «سەرسان ـ سەرگەردان،
ئالقا كۆل كەلگىندى» لىكنى چۆرۈپ تاشلاپ، رۇسىيە
بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئەل ـ يۇرتنى شۇڭقاردەك قوغدىغان
ۋە ئۇنى دۆلەت دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن ئابلەي ئۆز
دەۋرىنىڭ بۈيۈك باش قوماندانى، مۇنەۋۋەر دىپلومات
ئىدى.

**ئايتماتوف:** كېيىنكى يىللاردا «سىياسەت ـ مەينەت
نەرسە» دېگەن ئىبىقلىما پەيدا بولدى. سىياسەتنى ئادەم-
گەرچىلىكى يوق پەيلى بۇزۇق، نىيىتى يامان ئادەملەر
تۈزسە، خەلقنىڭ قۇتى قېچىپ، ھۆكۈمراننىڭ قىممىتى
خارۇخەسكە ئايلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنداق سىياسەتچىلەر-
نىڭ پەستەۋەتلىكىنى ھېلىقى ئىبىقلىما روشەنلەشتۈرۈپ
بېرىدۇ. دانا ھۆكۈمرانلار قايسى ئەسىر، قايسى ئەلدە
بولمىسۇن، ھامان ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، 708 ـ
814 ـ يىللار ئارىلىقىدا فرانسىيىنى كارىل ئىسىملىك كارول
سورىغان. كارىلنىڭ دادىسى پىپىن كارولنىڭ ساۋات چىقى-
رىشنى خالىماپتۇ. قىزىق يېرى، ئۆمۈربويى قەغەز بېتىگە
«ئا» ھەرپىدىن باشقىنى يازالمىغان كارىل ئۆزلۈكىدىن
ئۆگىنىپ، لاتىنچە، گرېكچە يېزىقلارنى ئەركىن ئوقۇيالاي-
دىغان بولغان. ئۇ ھاكىمىيەت تۇتقان يىللاردا فرانسىيە
دۆلىتى ئەتراپلىق مۇستەھكەملىنىپ، ئىلىم ـ پەندە ئالا-
ھىدە راۋاجلانغان. چۈنكى كارىل تولىمۇ ئەقىللىق، مەم-
لىكەتتىكى ئالىملار، شائىرلار، سەنئەتكارلار بىلەن كارا-
مەت يېقىن دوستلاشقان، بىلىمنى مەملىكەتنىڭ مەنىۋى
جەھەتتىكى گۈللىنىشىگە، يېڭى ئىلىم كۆكنىڭ ئېچىلىشىغا
سەرپ قىلغان كىشى ئىكەن. ئابلەي خانمۇ ئەقىلدار بۇ-
قارنى، خەلقنىڭ ئىچىدىن چىققان سۆزمەنلەر بىلەن با-
تۇرلارنى ئۆمۈربويى يېنىدا تۇرغۇزۇپ، مەملىكەت باش-
قۇرۇش جەھەتتە شۇلارنىڭ ئەقىل كېڭىشىگە قۇلاق سال-
غان ئىدىغۇ! فرانسىيە كارولى بىر قانچە چەت تىلنى بىل-
گەن. ئۇچرىششقا كېلىۋاتقان چەت ئەل ئەلچىلىرى بىلەن
ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىدا ئەركىن ـ ئازادە سۆھبەتلەشكەن،
شۇنداقلا كارولنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىمۇ ئىنتايىن
ھەيران قالارلىق بولۇپ، مەملىكەت دەرىجىلىك ئەھمە-
يەتكە ئىگە ئىشنى كىمگە تاپشۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ قانداق
ئورۇنلانغانلىقىنى نەزەرىدە تۇتقان. ئۆز قولى بىلەن
تەشكىللىگەن سەرخىل ئارمىيىنىڭ مىڭلىغان ئەسكەرلىرى-
نىڭ ئىسمىنى ياتقا بىلگەن. ئۇنىڭ ۋاقتىدا ھەرقانداق كى-
شىنىڭ ئىلتىماسى نەتىجىسىز قالمىغانىكەن. كارولنىڭ ئە-
قىل ـ پاراستىگە دوستلىرى تۇگۇل دۈشمەنلىرىمۇ قايىل
بولۇپ باش ئېگىشكەن. شۇڭا ئارىدىن قانچە ئەسىر ئۆت-
كەن بولسىمۇ، كارولنىڭ ئىسمى فرانسىيە ھۆكۈمرانلىرى-
نىڭ ئالدىنقى قاتارىدا چەكسىز ھۆرمەت بىلەن ئاتىلىدۇ.

**چاقانوف:** ھەئە، دۇنيا تارىخىدا ئېسىل مىساللار ئاز
ئەمەس. رىمنىڭ ئاتاقلىق پادىشاھى ۋېسپاسىياننىڭ ئوغلى
تىت تەختكە چىققان ئىككى يىل ئىچىدىلا ئۆزىنىڭ ئاد-
دىي ـ ساددىلىقى، ئەمگەكچان، تىرىشچانلىقى بىلەن پۈت-
كۈل رىملىقلارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ «ئا-
دەمزاتنىڭ ئېسىلى» دېگەن نام ئالغان. بىر كۈنى تىت
نەۋكەرلىرىنىڭ قورشاۋى ئاستىدا رىم كوچىسىدا كېتىۋاتسا،
مىغىلداپ تۇرغان خەلق ئارىسىدىن جۇلدۇر كىيىمىلىك بىر
دىۋانە بالا سالاملاشماقچى بولۇپ پادىشاھقا قولىنى سۇ-

2004.3

ندۇ. ئەزەلدىن بۇنداق بېشەملىكنى كۆرۈپ باقمىغان خالايىقنىڭ يۈرىكى توختاپ قالغىلى تاس ـ تاس قالدۇ. تىتىنىڭ نەۋكەرلىرىدىن بىرى ھېلىقى دىۋانىگە دەرھال قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە يۈگۈرەيدۇ.

ــتوختا!ــدەيدۇ پادىشاھمۇ ئاۋازىنى كۆچەيتىپــ بۇ بالىنىڭ نېمە گۇناھى بار؟

ــسىزگە قول سۇنغىنى چەكتىن ئاشقان ئۇياتسىزلىق ئەمەسمۇ، تەقسىر؟

ــئېلىمنىڭ بۇ ياش ئوغلانى تولىمۇ دانىشمەنلىك قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ قولىنى قىسمىسام مەن ئەدەپسىزلىك قىلغان بولىمەن.

دىۋانە بالا بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ ئۇنىڭ دۇمبەسگە ئەركىلەتكەن ھالدا قېقىپ قويغان تىت:

ــمېنىڭ پادىشاھ بولۇشۇم، ئۇنىڭ دىۋانە بولۇشى، بۇ خۇدانىڭ ئىشى. ۋالىلدىغان كىيىم ئادەمگەرچىلىكنىڭ، جۇلدۇرجەندىلىك ئەقىلسىزلىقنىڭ بەلگىسى بولۇۋەرمەيدۇ،ــدەپ زەر تونى ۋالىلداپ تۇرغان نەۋكىرىگە مەنىلىك نەزەر تاشلايدۇ. شۇ چاغدا: «ياشىسۇن تىت»دېگەن چوقان پۈتكۈل رىم ئاسمىنىنى لەرزىگە سالىدۇ. پادىشاھقىمۇ قول بېرىشكە بولىدىكەن ـ دە، دەپ ھەيران قالغان خەلق تىتىنىڭ قولىنى ئارزۇلاپ سىقىپ كۆرۈشمەكچى بولۇشۇپ قاتارغا تىزىلىدۇ.

ھەر بىر مىنۇت ۋاقتىنى ئەل ئۈچۈن بىدار بولۇپ ئۆتكۈزگەن پادىشاھ بىر كۈننى تۈيۈقسىز بوشقا ئۆتكۈزۈۋېتىپ:

ــدوستلار، مەن بۈگۈن ئۆمرۈمنى بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىمەن،ــدەپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، سىياھنىڭ كارولى بىلەن ئۇنىڭ خانىمى ئۆزلىرىگە قەسىردىكى ساناقلىقلا مەنسەپدارلاردىن باشقا كىشىلەرنىڭ قول بېرىپ سالاملىشىشىغا، ھەتتا كىيىمىنىڭ سىرتىدىن بولسىمۇ يۇقۇشقا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە قاتتىق تەرتىپ ئورنىتىدۇ. نەتىجىدە بۇنداق ئايرىمىچىلىقنىڭ دەردىنى تارتماي قالمايدۇ: يازنىڭ ئىللىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە كارولنىڭ خانىمى سۇناندا كۆلدە قېيىق بىلەن سەيلە قىلىپ يۈرىدۇ. تۇيۇقسىز شامال چىقىپ قېيىق ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدۇ. سۇغا بىر چۆكۈپ، بىر چىقىپ، سۇ يۇتۇپ جان ـ جەھلى بىلەن ۋارقىرىغان خانىمنى قۇتقۇزۇشقا قىرغاقتا تۇرۇشقان يۈزلىگەن خىزمەتكارنىڭ بىرەرسىمۇ تەۋەككۈل قىلالمايدۇ. چۈنكى ئالىي مەرتىۋىلىك كىشىگە قولىڭىز تېگىپ كەتسىلا جازاغا تارتىلىسىز. نېمە قىلغۇلۇق؟ قىيا ـ چىيا قىلىشىپ، خىزمەتكارلار قەسىرگە يۈگۈرۈشۈپ، بىرەر مەنسەپدارنى باشلاپ كەلگىچە خانىم تۇنجۇقۇپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدۇ.

**ئايتماتوف:** ليۇكسېمبۇرگ گېرتسوگى سايلىنىدىغان چاغدا قويۇلىدىغان بىرىنچى تەلەپ: ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدا، خۇسۇسىي ئۆمرىدە ئادىللىقى ۋە ئالاھىدە پاكلىقى بىلەن ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئادەم بولۇشى كېرەك. ئۇ مۇمەن «بۈيۈك گېرتسوگ»، «گراندىيۇك»ــبۇ ئەلدە شۇ مەملىكەتنىڭ چاڭ قونمىغان، غۇبارسىز ئابرۇيىغا ئوخشاش سىما. ھاكىمىيەت بېشىغا كىملا كەلسە، ئۇ دەل مۇشۇ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى كېرەك. ھەرخىل يۆنىلىشتىكى پارتىيىلەر بىلەن قارشى كۈچلەر مېنىڭ كېيىنكى ئىنتىپاقىنىڭ ئەلچىسى بولۇشۇمغا توغرا كەلگەن ليۇكسېمبۇرگدىمۇ ئاز ئەمەس. گېرتسوگ بولسا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاشلا ئەڭ يۇقىرى ئابرۇي، شۇڭلاشقا بىرىنى ئەركىلىتىپ، بىرىنى دۇشكەللەش ئۇنىڭغا يات. بىر ـ بىرىگە زىت پىكىرلەر بىلەن تولۇپ ـ تاشقان كۈندىلىك گېزىتلەردە ئۇ كىشى توغرۇلۇق بىرەر ئېغىز سەلبىي سۆزنى كۆرمەيمەن. بۇــدۆلەتتە دېموكراتىيىنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ بەلگىسى.

**چاقانوف:** تارىخىي تەرەققىيات بىلەن دېموكراتىيىلىك ھاكىمىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس يولىنى تاللاپ ئالغان رەھبەرلا مۇشۇنداق ھۆرمەتكە ئىگە بولسا كېرەك.

**ئايتماتوف:** توغرىسى مۇشۇ ليۇكسېمبۇرگ گېرتسوگى ئۈچۈن ھاياتنىڭ بىرىنچى شوئارى: ساداقەت بىلەن ئادالەت. گېرتسوگنىڭ ئاددىي ـ ساددىلىقىمۇ قالتىس ئىكەن. ليۇكسېمبۇرگنى سۇ بېسىپ كېتىپ، ئاھالە پاراكەندىچىلىكتە قالدى. چاقچىلىقايچىلىقتا قالغان خالايىق بىلەن بىللە گېرتسوگ ۋە خانىمى پۇتلىرىغا رېزىنكە ئاياغ كىيىۋېلىپ، كوچىلارنى ئارىلاپ، كېسەلخانىلارغا بېرىپ ئىنسانپەرۋەرلىك ياردەم قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى.

قىسقىسى، مۇشۇنداق چاغدا قىلغىلى بولىدىغانلا ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. بۇــ ماڭا قاراشلىق

www.uyghurkitap.com



لېۇكسېمبۇرگ ئادىمىنىڭ تەقدىرىگە جاۋابكارمەن، دېگەن ئىزگۈ كۆڭۈلنىڭ ھەقىقىي كۆرۈنۈشى ئىدى.

**چاقانوف:** كوچىدىكى قەلەندەر بىلەن سالام ـ سائەت قىلىشىدىغان ئاددىي ـ ساددىلىق، خەلققە تەقدىم ئېتەلمەگەن بىر كۈنى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىدىغان مەسئۇلىيەتچانلىق ياكى رېزىنكە ئۆتۈك كىيىپ، سۇ كېچىپ، كوچا ئازىلايدىغان ئىزگۈلۈك باشقا ئەل باشلىرىغىمۇ يۇقۇشقاي! ئېيتماقچى، سىز لېۇكسېمبۇرگنىڭ ئەڭ ئالىي ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلاندىڭىزغۇ!

**ئايتماتوف:** ھەئە، «سىڭدۇرگەن ئەجىر ـ تۆھپىسى ئۈچۈن بېرىلىدىغان چوڭ كرېست» ئوردېنىنى ماگنا گراندىيۇكنىڭ ئۆزى تاپشۇردى. بۇ مەن ئۈچۈن ئۇنتۇلماس ۋەقە. مەرىپەت، مەدەنىيەت، دۇنيانى پەلسەپىۋى كۆز بىلەن كۆرۈپ يېتىش بۇنداق ئەللەردە ئەل باشچىلىرىغا چوقۇم كېرەك خۇسۇسىيەتلەر ھېسابلىنىدۇ.

**چاقانوف:** مەملىكەتنىڭ تىزگىنىنى تۇتقان ئاقىلدارلارنىڭ دانالىقى ــ خەلقنىڭ بەختى. كۇڭفۇزى ـ ئېرامىزنىڭ 479 ـ 551 ـ يىللىرى ياشاپ ئۆتكەن خەنزۇ خەلقىنىڭ ئاتاقلىق پەيلاسوپى، مۇتەپەككۇرى. ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن ئۇلۇغۋار قائىدىلىرىدىن كونا جۇڭگونىڭ كۆپلىگەن ھۆكۈمرانى تەلىم ئالغان. ھەتتا ئەڭ زالىم بىر پادىشاھنىڭ ئۆزىمۇ: «يۇرت سوراش ئىشىدا خاتالىشىپ قالساق ئۇلۇغ ئۇستاز كەچۈرمەيدۇ» دەپ كۇڭفۇزىنى ھۆرمەتلەيدۇ ھەم ئۇنىڭدىن قورقىدۇ. كۇڭفۇزىنىڭ ھاكىمىيەت، مەملىكەت باشقۇرۇش ئىشلىرى توغرىسىدا، ھەتتا ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ ھەرقايسىسى ئۈچۈن ئېيتقان ئۇلۇغۋار سۆزلىرى ھازىرقى چاغدا پۈتۈن دۇنيادىكى ھەرقايسى تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

«ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئىشىنى ساداقەت بىلەن ئورۇندىسۇن، ھۆكۈمران ــ ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلسۇن، ئىشچى ــ ئەمگەك قىلسۇن، ئاتا ــ ئاتا، بالا ــ بالا بولسۇن، ھاياتنىڭ بۇ ئاددىي قائىدىسى بۇزۇلسا، مەملىكەت ئىچىدىن ئادايدۇ. ھاياتنىڭ پەيزى قاچىدۇ، ھۆرمەت يوقىلىدۇ. ئەلنى ئىختىلاپ بىلەن پىتنە ـ پاسات قاپلايدۇ. چوڭ ئوت كىچىككىنە چاقماق تاشتىن چىققان ئۇچقۇندىن باشلىنىدۇ...» دەيدۇ خەلق. كۇڭزى قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ رەھبەرلىرى تا ھازىرغىچە يېتەكچى قىلىشىدىكەن.

**ئايتماتوف:** ئومۇمەن ئالغاندا يۇرت سوراش بەختى، بۈيۈك خىزمەتنىڭ، سىياسىي توقۇنۇشلارنىڭ قاينىمىدا پىشىپ سىنالغان، ئەقىل ـ پاراستى، دانالىقى بىلەن كەڭ قورساقلىقى ياراشقان، باشقا تەڭتۇشلىرىدىن ئۇق يېتىم ئوزۇپ تۇرغان كىشىگە ئىگە بولۇشى لازىمغۇ. ھەئە، تەخت ئىگىسىگە ئايلىنىپ بېشىغا تاج ـ ئوتۇغات كىيگىچە بولغان تار يول، تايغاق كېچىكنىڭ قىزىل قىيامىتى ئىككىمىزدىن كۆرە ھۆكۈمرانلارغا بەكمۇ تونۇشتۇ. مۇشۇنداق قاتتىق سىناقتا بەرداشلىق بەرگەچكە، خەلقىمىز «خاندا قىرىق ئادەمنىڭ ئەقلى بار» دەپ ئۇلۇغلايدۇ. غەربىي ياۋروپا بىلەن قوشنا رۇسىيە پادىشاھلىقىنىڭ تارىخىدا پات ـ پات يولۇققىنى بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ھاياتىدا ئايالاردىن چىققان خان بىلەن بەگ، ھۆكۈمرانلار يوققا ھېساب. بىر ئۆزىگە قىرغىز خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى مۇجەسسەم بولغان قۇرمانجان داتقا خوددى بۇغرانىڭ ئىچىدىكى بىر تال قارىمۇقتەك يالغۇزنىڭ ئۆزى. قۇرمانجان كۈيۈسى ئالىمبەگ داتقا بىلەن ئوتتۇز بەش يىل ئۆي تۇتۇپ، ئابدۇللا بەگ، باتۇربەگ، مامۇتبەگ، ئاسانبەگ، قامشىبەگ ئىسىملىك بەش ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغقان. قوقانلىق خۇدايارخاننىڭ مەككارلىقىدىن تۇيۇقسىز كۆز يۇمغان كۈيۈسىنىڭ ئورنىغا ئەللىك ئىككى ياشلىق قۇرمانجاننى ئالاي خەلقى ئۆزى خالاپ، داتقا ④ قىلىپ سايلايدۇ. قۇرمانجان داتقا ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەن مەزگىل قىرغىز خەلقىنىڭ رۇسىيە پادىشاھلىقى مۇستەملىكچىلىرى بىلەن قوقان خانلىقىنىڭ ئېزىشىگە تەڭ ئۇچراپ، مەھكۇملۇقتا تۇرغان مەزگىللىرى ئىدى. مۇشۇ ئىككى تۆمۈر قاپقاندىن ياۋاش، مۆمىن خەلقنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئىلىشقان داتقانىڭ باتۇرلۇقى بىلەن دانالىقىنى، سەۋرچانلىقى بىلەن سىياسەتدانلىقىنى، ھەتتا قىرغىزلارغا قارشى زەمبىرەك سۆرىتىپ، تاغ ياقىلاپ سوقۇشۇۋاتقان رۇس ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئۆزلىرى تامشۇنۇپ بېزىپ كەتكەنىدى. تۈركىستان دىيارىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلغان ھەربىي جۇغراپىيە مۇتەخەسسىسى گ. نى تاۋبە 1889 ـ يىلى قازان شەھرىدە «ئالاي خانىشى» ناملىق ئىلمىي ئەسەرنى باستۇرۇپمۇ چىقارغانىدى. قۇرمانجاننىڭ كامىل دىپلوماتىيىسى تۈپەيلى قوقان خانلىقى، قەشقەرىيە بىلەن بۇخارا قىرغىزلارغا بولغان

ئۆچمەنلىكنى توختىتىپ، ئورتاق مۇناسىۋەتكە باش ئېگىدۇ. بىر ـ بىرىگە ئەزەلدىن دۈشمەنلىك قىلىپ كەلگەن بۇخارا ئەمرى سەئىد مۇزەففەرگە بولسا 1864 ـ يىلى ئۇنىڭغا ئۆز تەرىپىدىنمۇ داتقا، ھەتتا بەزى ھۆججەتلەردە ئېيتىلغاندەك گېنېرال ئۇنۋانى بېرىلىدۇ. پەقەت داتقا بىلەن پادىشاھ مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئارىسىدىكى مۇئامىلىلا گاھ ئىناق، گاھ ئىپاق ھالىتىدە قالىدۇ. قۇرمانجاننىڭ يەككە ئۆزىنى خان قىلىپ سايلىغان تۈركىستان گېنېرال گوبېرناتورى فونگا ئوفمان بىلەن ئارىدىكى كېلىشىم رۇس ئەسكەرلىرى بىلەن ئۆمۈرۋايەت دۈشمەنلىشىپ ئۆتكەن داتقانىڭ ئوغۇللىرى ئابدۇللا بەگ بىلەن قامچىبەگلەرگە كەلگەندە بىردىنلا كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ. بوينى بوش تەۋرەنگەك سىياسەتنىڭ شاملى تۈرۈپ ئۇگدىن، تۈرۈپ سولدىن ئەسسىمۇ قارىمىقىدىكى خەلقنى ياۋغىمۇ، داۋغىمۇ بەرمىگەن قۇرمانجاننىڭ مۇنۇ بىر دانىشمەنلىكى كىشىنى ئىختىيارسىز تاڭ قالدۇرماي قويمايدۇ: پادىشاھ ئەسكىرى ماۇتبەگ بىلەن نەۋرىلىرى مىرزا پاياز، ئارسلانبەگنى سىبىرگە سۈرگۈن قىلىپ، كەنجى ئوغلى قامچىبەگنى ئوشتا دارغا ئاسىدۇ. داتقا بالىسىنىڭ دار تۈۋىدىكى چۈشكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئاشۇ دەھشەتلىك كۆرۈنۈشكە گۇۋاھ بولغانلار: «قۇرمانجان: ئەزەلدىن جەڭگىۋار ئەل ئەمەسمىدۇق، بۇ خورلۇقنى تۈزگىچە ياۋنىڭ قولىدا ئۆلەيلىلا، ئاتالان! خەلقىم! دېيدىمۇ، پۈتتى. ئالايلۇق ھەننىۋا قىرغىزنىڭ ئاتلىنىشى تۇرغان گەپ. شۇنىڭ بىلەن بالىسىنىمۇ ئامان ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىمۇ تۇغۇلغان بولاتتى. بىراق، داتقا ئۆز بېشىنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتى ئۈچۈن كەينىدىكى نۇرغۇن ئادەمنى قوشۇپ قۇربانلىق قىلغۇسى كەلمىدى» دېيىشىدۇ.

چاقانوف: رۇس تارىخىدا قۇرمانجان داتقىغا ئوخشاش قول ئاستىدىكى پۇقرانى سىياسىي بىلەن مۇھاپىزەت قىلغان، ئاخىر ئۆزى بەرگەن ئەركىنلىكنىڭ قۇربانلىقىغا ئايلانغان ھەم بېقىندى خەلقلەرگە زۇلۇم سالغان زىددىيەتلىك سىما ئالېكساندىر II ھەزرەتلىرى بولىدۇ. 1855 ـ يىلى رۇسىيە پادىشاھلىق تەختىگە چىققان ئالېكساندىر II قالاق ۋە بۈيۈك پادىشاھلىقنىڭ ھاياتىغا زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئالدى بىلەن 25 يىللىق ھەربىي مەجبۇرىيەتنىڭ ۋاقتىنى قىسقارتىپ ئالتە يىلغا چۈشۈرىدۇ. ئەسكەردىن قايتقانلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ تۆمۈريول قۇرۇلۇشىغا سەپەرۋەر قىلىدۇ. زاۋۇتلار بىلەن فابرىكىلار كۆپلەپ قۇرۇلىدۇ. ئىشسىزلار ئازىيىپ، خەلقنىڭ ھال ـ ئوقىتى ياخشىلىنىدۇ. خەلق مەكتەپلىرى 20 مىڭغا، خوتۇن ـ قىزلار مەكتىپى 300 گە يېتىدۇ. پادىشاھلىقنىڭ بارلىق ئۆلكىلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 700 دىن ئارتۇق گېزىت ـ ژۇرنال توختىماي نەشر قىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ھاكىمىيەت تۇتقان يىللاردا، رۇسىيىدە 50 مىليون كىشىلىك ھوقۇقىدىن ئايرىلغان نامرات ـ گادايلار بار ئىدى. يەر ئىگىلىرىنىڭ ئاياۋسىز ئېزىشىگە ئۇچرىغان ئۇ كىشىلەر پات ـ پات قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. ئالېكساندىر II نىڭ 1861 ـ يىلى 19 ـ نويابىردا يانچىلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى يارلىققا قول قويۇپ تۇرۇپ: «نامراتلار ئۆزىنى قاچان ئازاد قىلاركىن دەپ كۈتۈپ تۇرمايلا، ئەركىنلىكنى ئۆز قولىمىز بىلەن بەرگىنىمىز ئەۋزەل» دېگەن سۆزى رۇس تارىخىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. مۇشۇ ئوغلانلىق باتۇرلۇقى ئۈچۈن ئالىكساندىر II نى رۇسىيىنىڭ پۈتكۈل غېرىب ـ مىسكىنلىرى «قۇتقۇزغۇچى ئاتىمىز» دەپ ھۆرمەتلەيدۇ.

گاھىدا قىلغان ياخشىلىق ئەكسىچە ئۆزۈڭگە يامانلىق بولۇپ يانىدۇ. 1881 ـ يىلى 1 ـ مارت كۈنى خەلق ئەركىنلىكى پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى پادىشاھ چۈشكەن پەيتۇنغا بومبا ئېتىپ، پادىشاھنى يارىلاندۇرىدۇ.

ئايتماتوف: مەن ليۇكسېمبۇرگتىكى ۋاقتىمدا ماڭا شۇ چاغدىكى گېرمانىيىنىڭ پرېزىدېنتى ۋايتسىزىككېرنىڭ ئىشخانىسىدىن: «ۋاينگارد كاتولىك ئاكادېمىيىسى مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ زور يىغىنى بولىدۇ. يىغىنغا پرېزىدېنتىمىز سىزنى قەدىرلىك مېھمان سۈپىتىدە تەكلىپ قىلىدۇ. ۋايتسىزىككېر ئەپەندى ئۇزاقتىن بېرى سىز بىلەن تونۇشۇشقا ئىنتىزار» دەپ ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تېلېفون بەردى. تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ يولغا چىقتىم. يىغىن ۋاينبۇرۇگنىڭ كاتولىك ئاكادېمىيىسىدە ئېچىلدى. پرېزىدېنت سۆز قىلىپ خەلقنىڭ مەنىۋى بايلىقىنى، مەدەنىيەت بىلەن دىنىنىڭ تومۇرداشلىقىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ بەردى. ۋايتسىزىككېر دۇنيا ئەدەبىياتى، دۇنيا مەدەنىيىتى بىلەن ياخشى تونۇش، مەنىۋى مەدەنىيەت بىلىمى مول بىلىملىك كىشى ئىكەن. ئومۇمەن، ئىلغار غەربىي ياۋروپا ئەللىرى تالاي زاماندىن بېرى بىر ھارۋىغا قوشۇلغان قوش ئاتقا ئوخشاش مەدەنىيەت بىلەن دىنىنى

www.uyghurkitap.com



بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ قارىمايدۇ، بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرى بىلەن تۇتاش كېلىدۇ.

چاقانوف: چوڭ بىر دۆلەتنىڭ مەدەنىيەتلىك يولباشچىسى دېگەن شۇ. بۇنىڭغا قارىمۇقارشى ھالدا بېشىمدىن ئۆتكەن بىر ۋەقەنى سۆزلەپ ئۆتەي: ئۇ چاغلاردا يىلىسىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۇلۇغ پۇشكىننىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت كۈنلىرى ئالدى بىلەن پىسكوۋ ئوبلاستىدا باشلىناتتى. مەشھۇر پولياندا 20 ـ 25 مىڭ ئادەم يىغىلىپ شېئىر ئاڭلاپ، شېئىرىيەت تويى گۈمبۈرلەپ قىزىپ كېتەتتى. داۋامى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلۈپ ئىتتىپاقلار ئۆيىنىڭ ئۇيۇل تۈۋرۈكلۈك زالىدا شېئىر ئوقۇش بىلەن ئاياغلىشاتتى. دۇنيانىڭ ئاتاقلىق شائىرلىرى قاتنىشىپ نۆۋەت بىلەن سۆزلىشىپ، مەركىزىي تېلېۋىزىيە پۈتكۈل كېچەش ئىتتىپاقىغا تارقىتاتتى. بىر يىلى مۇشۇ شېئىرىيەت بەزمىسىگە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە ۋاكالىتەن مەن قاتناشتىم، ئۆز نۆۋىتىم كەلگەندە مۇنبەرگە چىقىپ، «سۆز قۇدرىتى» دېگەن شېئىرىمنى ئوقۇدۇم. شېئىرىمنىڭ تولىمۇ ئىلھام بىلەن ئوقۇلغان بىر يېرىدە قولۇمنى سەھنىنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغان پىسكوۋ ئوبلاستىنىڭ شۇ چاغدىكى بىرىنچى سېكرېتارىغا قاراپ شىلتىپ ـ شىلتىپ قويۇپتىمەن. شېئىرىمنى خالايىق ئۇزاققا سوزۇلغان چاۋاك بىلەن قارشى ئالدى. ئالامانىڭ ئىلتىپاتىغا قايتا ـ قايتا بېشىمنى ئېگىپ رەئىس سەھنىسىنىڭ ئىككىنچى قاتارىدىكى ئورنۇمغا بېرىپ ئولتۇردۇم. ئارىدىن بىر پەس ئۆتكەندىن كېيىن بىر يىگىت يېنىمغا كېلىپ:

ـــ تاشقىرىغا چىقىپ كەتكەن بولسىڭىز، ـــ دېدى ناھايىتى غەزەپلىك ئەلپازدا، ـــ سىز قولىڭىزنى نېمشقا بىرىنچى سېكرېتارغا شىلتىيسىز ـــ دېدى تېشىغا چىقىشىم بىلەنلا. نېمە چاتاق تېرىغىنىمنى ئاندىن بىلدىم. پىسكوۋ ئوبلاستىنىڭ باشلىقى ئۇزاق يىللاردىن بېرى مۇشۇ خىزمىتىدە قىمىرلىماي ئولتۇرۇۋالغان ئىكەن. ئەتراپىتىكى كىشىلەر مېنىڭ شېئىرىمنى تەتۈر مەنىدە قوبۇل قىلىشقانىكەن. ئۇنىڭغانغا يۇنىغاندەك ماۋۇ ئەپ كەپىقلىشنى قارالڭ! ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇچرىشىشلاردا سىزگە سۆز بېرىلمەيدۇ، دەپ قارار قىلدۇق. پۈتۈن تارقىتىلىدىغان تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىدىن سىزنىڭ شېئىرىڭىز پۈتۈنلەي ئېلىپ تاشلىنىدۇ، ـــ دېدى. نە كۈلۈشۈمنى، يە يىغلىشىمنى بىلمىگەن شۇ پەيتتە مۇنداق بىر رىۋايەت ئېسىمگە كېلىپ قالدى:

بۇرۇنقى زاماندا ئېلىمىزنى بېسىۋالماقچى بولغان بىر زومىگەر خان ئەسكەرلىرىنى چېگراغا تاقاپ: «بىزگە قارشى تۇرىدىغان قانداق كۈچ بار ئىكەن، چارلاپ كېلىڭلار!» دەپ ئىككى ـ ئۈچ ئىشپىيوننى جاسۇسلۇققا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خان، ۋەزىر، لەشكەر باشلىرىنى چاقىرتىپ جاسۇسلارنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلاپتۇ.

ـــ ئەل ئارىلاپ يۈرۈپ بىر كاتتا تويغا بېرىپ قالدۇق، تويغا بۇ ئەلنىڭ ئەمىرىمۇ قاتناشتى. توي داغدۇغا بىلەن قىزىۋاتقان ئۆيگە قولىدا دومبىراسى بار 15 ـ 16 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت كىرىۋېدى، تۆردە ئولتۇرغان ئەمىر ئورنىدىن سىلجىپ يېنىدىن ئورۇن بەردى، ئەمىرنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ھەيران قېلىپ سەۋەبىنى سورىۋىدۇق:

ـــ بۇ بىزنىڭ شائىرىمىز (ئاقىن) دېدى پەخىرلىنىپ ـــ دەپ گېپىنى تۈگەتتى.

پارالڭ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە لەشكەر بېشى كۆرەڭلەپ:

ـــ ئۇنداق ھاڭۋاقتى ئەمىرى بار ئەلنى تۇماق بىلەن ئۇرۇپلا ئىشغال قىلىۋالمايمىزمۇ؟ ئۇلۇغ خان ئىگەم، ئەسكەرنى قوزغاشقا ئىجازەت قىلىڭ ـــ دەيدۇ. خان لەشكەر بېشىغا دەرغەزەپ بىلەن:

ـــ ياق! بولمايدۇ. ئۆز مىللىتىنىڭ شائىرلىرىنى، مەنىۋى بايلىقىنى بۇنچىلىك قەدىرلەپ ئۇلۇغلىغان، يىلتىزلىق مەدەنىيەتنى ئۆزىگە يۆلەنچۈك قىلغان ئەلنى يېڭىش ـــ يېڭىش ھېسابلانمايدۇ ـــ دەپتىكەن.

ئايتماتوف: ھەئە، ئادەمزاتنىڭ شورىغا بېقىپ مەنىۋى بايلىققا تويۇنغان ھەممە بۇ ئۇلۇغ قورالنى كۆز بويامچىلىق قىلىش سۈپىتىدە ئەمەس، ھەقىقىي يوسۇندا ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقان يولباشچىلار قايسى دەۋردە بولمىسۇن بارماق بىلەن سانىغۇدەك دەرىجىدە ئاز بولغان. شەخسكە چوقۇنۇشتىن ئاران قۇتۇلۇپ، ئەركىنلىكنىڭ ھىدىنى سەزگەندەك قىلغىنىمىز بىلەن كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاپ كېتىدىغان خۇيىمىزنى تاشلىيالمىدۇق.

چاقانوف: بىرىژنېف شەخسكە چوقۇنۇشقا تايىنىپ، ئەقىل ـ ھوشى، ئىش ئىقتىدارى تۆۋەن ئادەمنىڭمۇ تەخسكەشلىك ۋە خۇشامەتچىلەرنىڭ كۆككە كۆتۈ-

رۇشلىرى ئارقىلىق دانىشمەن دېگەن نامغا ئىگە بولالاي-
دىغانلىقىنى تازا ياخشى ئىسپاتلاپ بەردى. شۇ چاغلاردى-
كى پارتىيە قۇرۇلتايلىرى بىلەن مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
ئومۇمىي يىغىنلىرى، خىلمۇخىل يىغىلىشلار بىلەن كېچەش-
لەر باش سېكرېتارنى ماختاش بىلەن تولۇپ تاشاتتى.
مەشھۇر قازاق ئالىمى، ئاكادېمىك ماناش قوزىبايېۋ ئۆزى-
نىڭ: «بېرىژنېۋ ۋە قازاقىستان» ناملىق ماقالىسىدە
مۇنداق قىزىقارلىق پاكىتلارنى كەلتۈرىدۇ: ئۇكرائىنا
جۇمھۇرىيىتىگە «خەلقلەر دوستلۇقى» ئوردېنى بېرىش
ھۆرمىتىگە كىيېۋدا ئېچىلغان تەنتەنىلىك يىغىندا يىغىن
ئەھلى باش سېكرېتارنىڭ سۆزىگە 35 قېتىم چاۋاك چال-
غانىكەن. بۇنىڭغا سۇغدىشىپلا قازاقىستاندا بوز ئېچىشنىڭ
20 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن (1974 ـ يىلىنىڭ 14 ـ مارت
كۈنى) بېرىژنېفنىڭ قاتنىششىدا كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈل-
مەكچى بولىدۇ. قازاقىستان بۇ تەنتەنىگە ئالاھىدە تەييار-
لىق كۆرىدۇ. قازاقىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتې-
تىنىڭ ئىدېئولوگىيە بويىچە سېكرېتارى س. ئىيماشوۋ
مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، بېرىژنېفكە كۆرسىتىدىغان ھۆر-
مەتنى ئۇكرائىنلىقلاردىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىشنى قاتتىق جېك-
لەيدۇ. مەخسۇس يولىيورۇق ئالغان ئوبلاست، شەھەر، نا-
ھىيە باشلىقلىرى دەرھال ئىشقا كىرىشىپ، نەتىجىدە بې-
رىژنېفنىڭ سۆزىگە 73 رەت «گۈلدۈراس» چاۋاك
تەشكىللەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، يولباشچىغا خۇشامەت قى-
لىش پىلانى ئۇكرائىنالىق قېرىنداشلارغا سېلىشتۇرغاندا
بىر ھەسسە دېگۈدەك ئارتۇقى بىلەن ئورۇنلىنىدۇ. بايقۇش
بېرىژنېۋ ئۆزىنىڭ «دانالارچە» سۆزىنى مىسلىي كۆرۈل-
مىگەن دەرىجىدە قوبۇل قىلغان خەلققە قايتا ـ قايتا ھا-
جايان بىلەن قاراپ ئاغزىنى ئۆمچەيتىۋەردى، دېيىشىدۇ
كۆرگەنلەر. بۇنى خۇشامەتتىن يارىتىلغان رېكورد ھېسابىدا
جېنىس رېكورتى كىتابىغا كىرگۈزۈشكە تازا بولاتتى. بې-
رىژنېفنىڭ ئۆزىنىڭ ماغدۇرىدىن كېتىپ، ھالسىزلانغان
قېرىلىقىنى يوشۇرغۇسى كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇ
چاغدىكى سىياسىي بيۇرونىڭ ئەزالىرى بىلەن نامزات ئە-
زالىرى ساپلا ماكىلداپ قالغان قېرىلاردىن تەشكىل تاپقا-
نىدى. 1979 ـ يىلى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 70 ياش
ئىدى. گايلىرىنىڭ سەھنىگە چىقىپ چۈشۈشى تولىمۇ
تەسكە توختايتتى. بۇ سىياسىي «ئۆلكىگە» تەقلىد قىلغان
ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت يولباشچىلىرىنىڭ تەڭ يېرىمى
مەركەزدىكى بوۋايلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ قالغان قېرىلار
ئىدى. شۇ چاغدا خەۋپكە ئايلىنىۋاتقان بۇ مۆكچەيگەن
بوۋايلار مەسىلىسى ھەققىدە رىۋايەت ئارقىلىق قىياسەن
« ? = 3 - 12 » (ئون ئىككىدىن ئۈچنى ئالسا نېمە
قالىدۇ؟) ناملىق بىر قىسقا داستان يازغانىدىم.

ئايماتوف: ئەگەر يادقا بىلسەڭ ھەممىسىنى ئوقۇغىنا!

چاقانوف:

قىرقىسىدىن قىران ئۇچقان،
سەن چوڭ بولغان ئايماقنى.
قەيسەر ھەمدە غەيرەت پۈتكەن،
بۇرۇن بىر خان سوراپتۇ.
قېرىسىمۇ چاپقان ئاتىنىڭ قۇلىقىدا ئويناپتۇ،
قىيا باققان مەقسىتىنى زادىلا بوش قويماپتۇ.
ئۆز ئېلىنىڭ ئابرۇيىنى، ئامانلىقى، ئويىنى
قانداق قىلىپ كۆتۈرەي دەپ ئويلاپتۇ.
بىر بولسىمۇ بىر پۈتۈنلەپ
خانلىقىغا تۈپ يىلتىزدىن
بىر ئۆزگىرىش كىرگۈزۈشكە بەلنى مەھكەم باغلاپتۇ.
بىراق، شورلۇق، يېتىۋالماي توختامىنىڭ پەرقىگە،
بىر قانۇننى تۈزۈپ چىقىپ تارقىتىپتۇ خەلققە.
«كامىل ئەقىل قېرىلىقتا پەقەت دەپ
ياشنىڭ ئىشى (نېگىزىدىن) چالا دەپ
ھېسابلانسۇن.
چالىلىقتىن ئەلنىڭ رىزقى چېچىلار،
شۇڭلاشقىمۇ ھەممە ھاكىم، قازىلار.
بارلىق لەشكەر بېشىلار
ئىشنى پاكىز پۈتتۈرگەن
سايلانسۇنچۇ ئاقساقاللىق چوڭلاردىن!»
ياشلىق چاغىنىڭ شادلىقىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ،
دەسسەپ ئۆتۈپ، دۆڭگە ئۆرلەپ.

ئۇنىڭ ئۇلۇغ پۈرستىنى تەن ئالماي،
قېرىلىقتىن باشلاپ پەقەت ئەل قىسمىتىن،
ئۆتتۈپ قالدى ياش قەۋمنى ئۇيالماي.
گۇمانسىراش ئەل قولىنى باغلاپ ئالدى،
يالقۇنلىغان ياشلىق ئوتى نەدە قالدى؟
يىگىرمە بەش ياشقا كىرىپ قاپمۇ
ئۇمچىنى

www.uyghurkitap.com



يىغلاپ ئېچەر تەييارتاپلار پەيدا بولدى.
ئۆزەك بولار ئەل ئىدىنىغۇ مىلىك داستانغا،
ئەمدى بوگۈن دەردى يېتەر كۆك ئاسمانغا.
ياۋ بۇرغىسى ئاڭلانغاندا
ئۇي چۆرگىلەپ قاچار ئەنە لامزەللىلەر.
يۇمران گۈللەر شادلىقتىن ئۈمىدسىز قىپ،
نەدىن چىقتى بۇ خىرە كۆڭۈلسىزلىك.
تونۇغۇسىز ئۆزگەرتىپ قويدى ئەلنى؟
ياشلىق چاغقا قىلىنغان ئىشەنچسىزلىك.

خانىنى يەنە شەيتان تۇرتۇپ، ئۇيقا كەلدى ئايهاي،
خانلىقىمنىڭ تۆت تاپانلاپ تۇرۇشچۇن غۇلىماي.
ھەربىكەت كېرەك، ئۆكسىمەيدۇ كۈچ ـ قۇدرەت.
ياكى تەقدىر زۇۋۇلىمىزنى باشتا كىچىك قىلىپ ئۆزگەنمۇ؟

ياق ـ ياق توۋا ئۇرۇش قىلىپ كۆرەيمەن،
ئۆزىمىزدىن ئۈچ ـ تۆت ھەسسە كىچىك قوشنا ئەلگە.
شۇنداق قىلىپ كۆتۈرەيچۇ تۆمەنلىگەن كۆڭۈلنى،
ئۇرۇش قىلىپ كۆرۈۋىدى بىت ـ چىت بولدى، يېڭىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا خورلۇق بولماس جاھاندا،
ئەمدى مانا تۆت ۋەزىرى قېشىدا.
بىر جۈپ كۆزى يىغلا ـ يىغلا سۇغۇلۇپ،
پاخما چېچى شامال سوققان بوز قىياقتەك
قورۇشۇپ،
ھەمراھ بولغان شېرىن ئارمان يۇمران بالا چېغىدىن
بىرلا كۈندە بۇلبۇلى ئۇچۇپ كۆزىدىن
ئۆز گۇناھىن ئۆزى ئاقلاپ ئالالماي
ئۆچكە ساقال ۋەزىرلىرىدىن ئاتارغا ئوق تاپالماي.
شۇتاپ تۇتقۇن خان شورلۇق
سەل ـ تاشقىندا جان تالىشىپ ئاران تۇرغان ئارالدەك.
كۆكلەم قېنى خاسىيەتلىك، سۇمباتلىق
زەربە بولدى، زەربە بولدى بۇ قاتتىق.

شۇ ئەسنادا يەڭگەن ئەلنىڭ ئاقساقاللىق ھاكىمى،
خانغا قاراپ تىل قاتتى:
يەككە چېپىپ كەتكەن ئىدىڭ سەن پەقەت
قانداق، بوۋاي ئەقلىڭگە كەلدىڭمۇ؟
تېپىشماق بار،
ئەگەر تاپساڭ ئازاد سەن،
تاپالمىساڭ ئۆلدۈم دە.
تاپالمىساڭ قانىتىڭدىن سۇنغىنىڭ،
تىرىشىپ باق ئەس ـ ھوشۇڭدا كۈچ بولسا،
مۇنداق پەقەت مەن ئېيتماقچى تېپىشماق.
نېمە قالار ئون ئىككىدىن ئۈچنى ئالسا،
ئۆمىد، ئۈمىدسىز ئولتۇرغان چال تاتىرىپ،
بىلىكىدىن ئېلىنغاندەك باغلاق يىپ.

ئۇندا توققۇز قالىدۇغۇ دەپ كۈلدى،
ئوغۇل يۈزى كۆرگەن كەبى شادلىنىپ.
ــتاپقۇرلۇق ۋە ئەقىل، ئۇي
يەكمۇيەككە چۈشكەن مەھەل ئۇرۇشقا.
سېنىڭ يولۇڭ، تەلىيىڭ باشلىدىغۇ قۇرۇشقا.
ــتاپالمىدىڭ دېدى ئەمىر ھەزىللەپ،
تەييارلاۋە تاش بويۇنۇڭنى قىلىچقا.
بىر ياش يىگىت سەپتىن چىقتى:
ــسىزنىڭچە ئېغىر جازا ئۆلۈشمۇ؟
ــئېغىر جازا تىرىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ
سارقىپ ھەممە چىدامىن
خاتالىقىن ئۆز كۆزىدە كۆرۈشتە.
ھەممە ئۇنى تۆزىتىشكە
قولدا ھوقۇق يوقلۇقىدىن كۆنۈشتە،
ئۇلۇغ ئەمىر ئويلىنىڭچۇ ھازىرمۇ
شامۇ سەھەر ئۆلۈم خەۋپىنىڭ بەرىگە
ئېچىشى ھەق ئىشىكىن...
ئۆتۈنىمەن قىلىسىڭىز بىر كەچۈرۈم.
خانىمىزنىڭ قوشۇق قېنىدىن كەچسىڭىز،
مەن تاپاتتىم تېپىشماقنى بېجىرىم.
ھە تاپقىنا دېدى ئەمىر تەلپىڭنى
چەكلىمەي.
مايسىلارغا تاش ئاتقاندىن بىزارمەن،
بەردىم ئوغلۇم ئەرك ساڭا بەدىلسىز.
قايتۇرالساڭ باغرىڭدىكى ئوت بىلەن
ھەئە، ھەئە مايسىلارغا تاش ئاتقانلار ئوتمايدۇ.

دېدى يىگىت مۇئەممامىز مۇرەككەپ،
لېكىن ئۇنى تېپىشماق دەپ بولمايدۇ.
قانۇنىيدۇر (ئۇ) قانۇنسىزلىق زور ھەسرەت
ئەگەر ـ ئەگەر ئون ئىككىدىن ئۈچنى ئالسا،
ھېچبىر نەرسە قالمايدۇ.
ئايلار ـ يىلنىڭ ئوغلانى
بىزنىڭ ھەر بىر يىلىمىز.
ئون ئىككى ئايدىن قۇرۇلغان،
ئون ئىككى ئايدا ئۈچ ئاي كۆكلەم بار ئىكەنى بىزگە ئايان.
كۆكلەم دېگەن تەبىئەتنىڭ باتۇرلۇقى بىپايان.
ئۇنى ھېچكىم كەتكۈزەلمەس ھېچقاچان.
ياشلىق دېگەن ئادەمزاتنىڭ كۆكلىمى.
ئاشۇ كۆكلەم ـ كۈچ ـ قۇۋۋەتلىك بولمىسا،
ھەر بىر كىشى ئوزۇقنى لايىقىدا ئالمىسا،
ئايرىلمامدۇ ھەممە نېمە ھۆسنىدىن.
ئۇندا شېرىن ئۈمىدىڭدىن گەۋدەڭنى ئۈز.
كۆكلەملەردە گۈللىمىسە ئالما بىلەن ئۆرۈكلەر،
قالغان ئاشۇ توققۇز ئايدا
قانداق يېمىش كۈتەلەيمىز ئۇندىن بىز.
قانچە زارلاپ يىگەن بىلەن پۇشايمان،
بۇڭا قارشى تېپىش قىيىن كۈچ ـ ھىيلە.
قارىڭا، بىر توققۇز ئاينىڭ تەقدىرى
باغلىنىشلىق ئۈچ ئايغا.
ئاڭا ھەتتا باشقا قانۇن يۈرمەيدۇ،
تېپىشماققۇ دېمەك ئۇنى زور ھەسرەت
شۇڭلاشقىمۇ ئون ئىككىدىن ھېچقاچان
ئۈچنى ئېلىشقا بولمايدۇ،
ئالغان كىشى بىزنىڭ ئاشۇ خانىمىزدەك شورلايدۇ.
كىم ئۆزى بۇ، ئۆيى قىلىچ، سۆزى ئوق؟
شۇتاپ خاندا تۇگەپ تاقەت قارىدى،
ھەيران قېلىپ،
تونۇۋالدى ئاتچىسنى ئۆزىنىڭ.
ئەسكە چۈشتى ئۆتمۈش ـ كەچمىش قايىندى،
خان خۇرسىنىپ باش بارمىقىن چايىندى.
پۈتتى، پۈتتى مەن ئۆلۈكمەن، ئۆلۈكمەن،
ئەزىمەتنى قاماپتىمەن قۇرالارغا باتۇر ئەڭ
نەس بېسىپتۇ قاناتلىققا بولۇپتىمەن تار ماكان،
ئەتتەڭ، ئەتتەڭ خارلاپتىمەن ئوغۇللارنى نارغا تەڭ.

بەك كەچ كەلگەن ئىزگۈ ئېسىل ئويلارنىڭ
ھەسرىتىدىن ئارتۇق ئازاب بارمىكىن؟

ئايتماتوف: ئېسىمدە، ئىللىق مەزگىلنىڭ ئاچچىق ھەقىقىتىنى چىرايلىق رىۋايەتكە ئوراپ تۇرغان بۇ داستانىڭنى رۇس تىلىغا يېۋگېنىي يېۋتوشىنكو تەرجىمە قىلماقاندى؟ مەن بولسام كىرىش سۆز يېزىپ «سىمنا» ⑤ ژۇرنىلىغا سۇنغانىدىم. ئۇلار رىۋايەتنىڭ تېگى ـ تەكتىدە قانداق سالماقنىڭ بارلىقىنى سەزگەن بولسا كېرەك، بېسىشقا پېتىنالمىدى.

چاقانوف: ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن تاشكەنتتە ئاسىيا ـ ئافرىقا يازغۇچىلىرىنىڭ كېڭەشىدە يولۇققان «ئوگونيوك» ژۇرنىلىنىڭ (شۇ چاغدىكى ئەڭ كۆپ تارقىلىدىغان ژۇرنالنىڭ بىرى) باش مۇھەررىرى ئاناتولىي سافرونوۋ:

—بىر ئەسىرىڭنى ماڭا بەرگىن، ژۇرنىلىمدا ئېلان قىلاي،—دەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، تەلىپى كەلمەي يۈرگەن شۇ داستانىمنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويغانىدىم. كېيىن داستانىنى باسالمايدىغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراپ، موزاينىڭ تىلىدەك قەغەزگە خەت يېزىپ ئەۋەتىپتۇ. ئالمۇتادا پارتلىغان 1986 ـ يىلدىكى دېكابىر ۋەقەسىدىن كېيىن سوڭدىشىپلا يېۋگېنىي يېۋتوشىنكونىڭ تەلىپى بويىچە مېنى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يورى ۋورونوۋ قوبۇل قىلدى. شۇ چاغدا ئىككىمىز ئارىسىدىكى سۆھبەتتە بۇ داستانىنى سىياسىي بيۇرونىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ سېكرېتارى سۇسلوۋنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئوقۇغانلىقىنى، ھەتتا شۇ چاغدا بۇ داستانىڭ مەركىزىي كومىتېتنىڭ مەسئۇل ياش خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا خېلىلا ھەزىل پەيدا قىلغانلىقىنى ھەمدە ئۆزىنىڭ مېنىڭ ئىسمىمنىڭ قارا تىزىملىككە ئېلىنىپ كەتمەسلىكىگە بەلگىلىك دەرىجىدە سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. داستانىڭ ئېلان قىلىنمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى شۇ چاغدىلا بىلگەنىدىم. گورباچېۋ بولسا كونا تۈزۈمنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك ئەزۋەيلەپ تۇرغان مەزگىلىدە ھاكىمىيەت بېشىدىكى ماكچايغان بوۋايلارنىڭ ئارىسىغا ياشلىق جەگىرى بىلەن كىرىپ قايتا قۇرۇش بىلەن دېموكراتىيىنى ھاياتىمىزغا ئېلىپ كەلدى. 70 يىلدىن ئارتۇق چەكلەنگەن بىر ئۇقۇم ـ بىر چۈشەنچە بىلەن مېڭىپ كەلگەن ئەڭگە

سۆز، تەپەككۇر ئەركىنلىكى بىلەن تەرەققىيات ئەركىنلىكى بېرىش ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ۋە دادىل ئىش ئىدى. مىخايىل سېرگېيېۋىچ بىلەن سىز ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولدىڭىز. ئۇ ئۆز بېشى ئۈچۈن مۇشۇ خەۋپلىك قەدەمگە بىلىپ تۇرۇپ تەۋەككۇل قىلدىمۇ ياكى جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەرەققىياتى ئۇنى ئىختىيارسىز مۇشۇنىڭغا مەجبۇر قىلدىمۇ؟

ئايتماتوف: توغرا دەيسەن، شۇ چاغدا گورباچېۋ قايسى تەرەپتىن ئېلىپ قارىساقمۇ، يېڭىلىقى بىلەن ئىچكى زىددىيىتى تەڭ تۇرىدىغان سىياسىي ئەرباب بولدى. ئۆزىگىچە بولغان داھىيلار مېڭىپ ئۆتكەن سوقماق بىلەن كېتىۋەرسە ئەلنى باشقۇرۇۋېرەتتىمكىن تاڭ؟ ياق، گورباچېۋ بۇنداق قىلىشنى خالىمىدى. ئېلىمىزدە دېموكراتىيىلىك ھەرىكەتنىڭ ئەۋج ئېلىپ تۇرغان مەزگىلى، كرېملدىكى بىر يىغىننىڭ ئالدىدا گورباچېۋ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

—يۇرۇڭ ئالدىرىماي پاراڭلىشايلى، دەپ مېنى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كەلدى.

—ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن قازاقىستاننىڭ ھازىرقى ئەھۋالى سىزگە يېقىندىن تونۇش، سىياسىي، مەدەنىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ھەققىدە قانداق ئوي ـ پىكىرلىرىڭىز بار؟ دەپ سوئال قويدى. ئۆزۈمنىڭ بىلگەن ـ سەزگەنلىرىمنى ئالدىغا قويدۇم، ئوڭچە ئولتۇرۇپ، ئازادە سۆزلەشتۇق.

—مەن سىزگە ھاكىمىيەت ھەققىدە بىر رىۋايەت سۆزلەپ بېرەي، مېنى توغرا چۈشىنىدۇ دەپ ئويلايمەن—دېدىم، ئۇ ئۈنسىز باش لىڭشىتتى.

—ئۆز ۋاقتىدا بىر ئەلنى مەشھۇر پادىشاھ سورىغانىكەن. ئۇنىڭغا ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن بىر يولۇچى مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. تەقسىر، سىز ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىدىغان چاغدا قول ئاستىڭىزدىكى پۇقراغا تولۇق ئەركىنلىك بېرىشكە ۋەدە بەرگەنىدىڭىز، بىراق ئەركىنلىك بەرگەندىن كېيىن، سىز پۇقرادىن ياخشىلىق كۆرىمەن دەپ ئويلىماڭ، ياقىڭىزغا يامىشىدۇ، ھاكىمىيىتىڭىزگە خەۋپ يەتكۈزىدۇ. ئاخىر ئۆزىڭىزنى تەختتىن ئۆرۈپ توختايدۇ. شۇڭا ھېلىمۇ كېچىكمىدىڭىز.

ئويلىنىڭ، ئالدىڭىزدا ئىككى يول تۇرۇپتۇ. يا پۇقراغا ئەركىنلىك بېرىڭ، يا ھاكىمىيەتنى قولىڭىزدىن چىقارماي، چىڭ تۇتۇپ قېلىڭ.

قېلىپلاشقان ئىنتىزام بويىچە، جانابىي ئالىينىڭ ئىشىغا چېپىلىپ، ئىشىغا شۇبھە كەلتۈرۈش كۇپۇرلۇق. بۇنداق كىشىنىڭ كاللىسى ئېلىنىشىمۇ مۇمكىن. بۇنى بىلىدىغان پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرى ئىگىسى ئىشارە قىلدىمۇ، بولدى، ھېلىقى بىچارىنىڭ كاللىسىنى چېپىپ تاشلاشقا تەييار تۇرىدۇ.

—بۇ كىشىگە مېنىڭ نامىمدىن ئىنئام بېرىڭلار، ئۆز يولى بىلەن كەتسۇن—دەپتۇ ئۇزاق ئويلىنىپ قالغان پادىشاھ.

مېنىڭ ئېيتقان ھېكايەمنى گورباچېۋ ئۈن ـ تىنسىز ئاڭلىدى، نېمە ئۈچۈن ھېكايە ئېيتىۋاتقىنىمنى چۈشىنىپ، ھەتتا تاتىرىپ كەتتى.

—چىڭغىز تۆرە قۇلۇۋىچ، مەن ئەمدى ئۆز يولۇمدىن قايتمايمەن، كەينىمگە قايتۇرالايدىغان كۈچ يوق، خەلققە ئەركىنلىك ئەپ بېرىمەن، دەپ ۋەدە قىلغانىكەنمەن، ئاخىرغىچە چىدايمەن. بۇ يولدا ھاكىمىيەتتىن ئايرىلسامۇ ياكى بېشىم كېتەمدۇ، ھەممىسىگە تەۋەككۇل قىلدىم،—دېدى.

—ئەمىسە، مۇشۇ تاللىغان يولىڭىز قۇتاتسۇن—دەپ ئىللىقىنا خوشلاشتىم.

ئاغزىمدىن سائەت چىقىپ كېتىپتىكەن. 1991 ـ يىلى موسكۋادا پارتلىغان سىياسىي قوزغىلاڭ يېلتسىننىڭ باشقۇرۇشى بىلەن باستۇرۇپ تاشلانغان مەزگىلدە، پارىژدا چىقىدىغان «پارىماتىچ» دېگەن گېزىتتىن ماڭا تېلېفون بېرىشىپ: «سىز گورباچېۋ بىلەن يېقىن، پىكىرداش ئادەمسىز، ھازىر ئۇ تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە قانداق پىكىردە بولۇۋاتىسىز؟» دېدى. مەن شۇ چاغدا گورباچېۋقا ئېيتقان ھېلىقى رىۋايىتىمنى تەكرار ئېيتىپ بەرگەنىدىم، ئاز ئۆتمەي گېزىتتە ئېلان قىلىندى.

چاقانوف: مېنىڭ قارىشىمچە، گورباچېۋ ھاكىمىيەت بېشىغا دېموكراتىيىلىك خاراكتېر بىلەن كەلدى. بۇنى توغرا دەيلى، ئىككىنچى تەرەپتىن كونا تۈزۈم شەكىللەندۈرگەن مۇستەبىتلىكتىنمۇ ئايرىلغۇسى يوق، يەنى ئىككى قوشقارنىڭ كاللىسىنى بىر قازانغا سېلىپ قايناتقۇسى كېلىپ كۆپ ھەرىكەت قىلدى. قايسى مەملىكەتنىڭ تارىخىغا نەزەر سالسىڭىزمۇ بۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يا دېموكرات بولۇپ مۇستەبىتلىكنى ئۆلتۈر ياكى بۇنىڭ تەتۈرىسىچە ئىش قىل. گورباچېۋنىڭ بېشىغا چىققىنى مۇشۇ

2004.3

ئىككىسىنىڭ بىرسىنى ئۆلۈمگە قىيمىغان تەۋرەنگەكلىكى.

**ئايتماتوف:** توغرا، سىنىڭ ماڭا قارىغاندا گورباچېۋغا بولغان قارىشىڭ قەتئىيرەك. ئۇ چاغلاردا دېكابىر ۋەقەسىگە بىر تەرەپلىمە باھا بېرىلىپ «قازاق مىللەتچىلىكى» دېگەن ئەيىبنىڭ ئۇيۇلتاشتەك تۇرغان پەيتى. سىنىڭ قۇرۇلتايدا سۆزلىگەن سۆزۈڭ كرېملىنىڭ يۈرىكىدە پارتلىغان بومبىدەك تەسىر پەيدا قىلدى ئەمەسمۇ؟ سېنى شۇ چاغدا بىرەر بالا ـ قازاغا ئۇچراپ قالارمىكىن دەپ خەۋپسىرەپ يۈرگىنىممۇ راست.

**چاقانوف:** ھەئە، گورباچېۋنىڭمۇ ھاكىمىيەت دەۋرانى ئۆتۈپ كەتتى. دېكابىر ۋەقەسى دۇنيا تارىخىدىن ئۆزىنىڭ خەلقئارالىق مىقياستىكى مۇۋاپىق باھاسىغا تېخىچە تولۇق ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. لېكىن، خەلقىمىزنىڭ ماڭلىيىغا بەئەينى لەنەت تامغىسىدەك بېسىلغان «قازاق مىللەتچىلىكى» دېگەن يالغان ئەيىب شىلىپ تاشلاندى.

موسكۋادا سىزنىڭ «كاساندىرا تامغىسى» ناملىق رومانىڭىزنىڭ مۇھاكىمە قىلىنىدىغانلىقىنى، يىغىنغا گورباچېۋنىڭ قاتنىشىدىغانلىقىنى ئۆزىڭىزدىن ئالدىنئالا بىلگەن بولسامۇ، خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بارالمىدىم. دېموكراتىيە بىلەن مۇستەبىتلىكنى تەڭ تۇتماقچى بولغان رەھبەر بىلەن بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن تازىمۇ بىر پاراڭلاشقۇم بار ئىدى.

**ئايتماتوف:** ھەئە، «كاساندىرا تامغىسى» ھەققىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇھاكىمىگە يېۋتوشىنكو، ۋوزنېسىنسكىي، ئىسكەندەر، دېمېنتىيېپ، گاچېۋ، گاچېۋنىڭ رەپىقىسى ـ ئەدىب، پەيلاسوپ سۇۋنتلا ناسمونوۋنا قاتنىشىپ، بىردىن كېيىن بىرى پىكىر بىلدۈرۈشتى، مىخايىل سېرگېيېۋىچمۇ سۆز ئېلىپ:

—بۇرۇن بېسىلغان، چەكلەنگەن بەدىئىي سەنئەتنىڭ ھەممىسى ساھەسىگە قايتا قۇرۇش مەزگىلىدە تولۇق ئەركىنلىك بەردۇق. ھازىر بەدىئىيلىكنى كۆككە كۆتۈرىدىغان، باسقۇنچىلىقنى، دېخمارلاشنى، قاتىللىقنى ئىشتىياق بىلەن تەسۋىرلەيدىغان ئەدەبىياتلار قاپلاپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئەركىنلىكنى ئەكسىچە يۈنىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭغا مەن مۇتلەق قارشى—دېدى ئۇ.

**چاقانوف:** شۇ ئۇچرىشىشقا قاتناشقان رۇستەم خەيرۇۋتىن گورباچېۋنىڭ سىزنىڭ رومانىڭىزغا تولىمۇ يۇقىرى باھا بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

**ئايتماتوف:** ھەئە، رومان ئۇنىڭغا يېقىپتۇ. پارتىيىمىزنىڭ دەسلەپكى يۈنىلىشىگە قايتايلى. دېموكراتىيە كىشىلەرنىڭ ئەتىكى كۈنگە بولغان ئىشەنچى سۈپىتىدە مۇقىملىشىشى كېرەك. ئاشۇ ئىشەنچنى مۇقىملاشتۇرىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ — مەملىكەتنىڭ ئومۇمغا ئورتاق بولغان ئاساسىي قانۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئاددىي ئەزاسىدىن تارتىپ دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەنسەپدارى — پرېزىدېنتقا قەدەر ئادىل قانۇننىڭ ئالدىدا باش ئېگىش لازىم. پرېزىدېنت يېڭىلىنىپ، پارلامېنت ئالماشقانسېرى ئاساسىي قانۇن شۇلارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئۆزگىرىپ تۇرسا، ئەڭ ئالدى بىلەن خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى ئۆلتۈرىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ئىككى يېرىم ئەسىردىن بۇيان بىر ئاساسىي قانۇننىڭ نېگىزىدە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. لىۋكسېمبۇرگدا بولغان بىر ۋەقە پات ـ پات ئېسىمگە كېلىدۇ. ئەل بولغاندىكى چوڭ ـ كىچىك جىنايەتلەر يۈز بەرمەي تۇرامدۇ؟ سوت بىر كىشىنى جىنايەتچى دەپ ھېسابلاپ، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىدۇ. جىنايەتچى قولىغا سوتنىڭ ھۆكۈمىنى ئېلىپ، ئۆي ئىچى بىلەن خوشلىشىپ قاماقخانىغا كېلىدۇ. قاماقخانىنىڭ باشلىقى: «ھازىر ئورۇن يوق، بىر ئايدىن كېيىن كېلىڭ» دەپ ھېلىقى جىنايەتچىنى ئۆيىگە قايتۇرىدۇ. ياندۇرقى قېتىمدا ئائىلىسى بىلەن بىللە بارسا يەنىلا ئورۇن بوشىمىغان، مۇشۇ ئەھۋال ئۈچ ئايدا ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ئاخىر تاقىتى تاق بولغان جىنايەتچى: «ماڭا قاماقخانىدىن ئورۇن تېگەمدۇ، تەگمەمدۇ، نۇرغۇن ۋاقتىم بىكارغا كەتتى، بۇ نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك» دەپ گېزىتكە شىكايەت يازىدۇ. بۇنى ئوقۇغان جامائەت: «كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندە بولۇۋاتىدۇ، قاماقخانىنىڭ باشلىقىنى مەنسىپىدىن ئېلىش كېرەك» دەپ شاۋقۇن كۆتۈرىدۇ. قولىغا سوتنىڭ ھۆكۈمىنى ئېلىپ: «مەن جىنايەتچى، قاماپ قويۇڭلار» دەپ قاماقخانىغا بارماق تۈگۈل، قاماقخانىنىڭ ئۇلىنى قېزىپ قېچىپ كېتىدىغان بىزنىڭ كىشىلىرىمىز ئۈچۈن بۇ ۋەقە مەسخىرە، ھەزىل بولۇپ تۇيۇلغىنى بىلەن مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت ئۈچۈن ھەقىقەت. بۇلارنىڭ ھەممىسى قانۇننى ھۆرمەتلەشتىن، ئىززەتلەشتىن قانۇنغا بولغان ئىشەنچتىن بارلىققا

www.uyghurkitap.com



كېلىشۋاتىدۇ. ئادىل قانۇن ئەيىبكار دەپ ھېسابلىدىمۇ جازالىنىش - پەرز، ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلىمەن دېيىش، مەسىلەن، لېۋكسېمبۇرگدا ھېچكىمنىڭ ئوگى تۇگۇل، چۇشىگىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ. ئىشچى بولساڭمۇ، باي، سودىگەر بولساڭمۇ ياكى ئەۋلىيا بولساڭمۇ، بەرىبىر ئاساسىي قانۇننىڭ ئالدىدا باش ئېگىشىڭ لازىم. قانۇن خىزمەتچىلىرى جىنايەتچىلەر بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ، پارىغا بېرىلىپ كەتسە، دېموكراتىيە ھاڭنىڭ ئاغزىغا كېپقالىدى دېگەن گەپ.

كۆڭلىڭىزى مۇنداق دېگەن ئەمەسمۇ؟ «باشلىق ئادىل ۋە ساداقەتلىك بولسا، گۇناھكارنى جازالاش ئوڭايغا چۈشىدۇ. ئۆزلۈك ئۇچرىغانلا ئىت تۇمشۇقىنى پاتۇرىدىغان يالاقتەك پاسكىنا بولساڭ، قول ئاستىڭدىكىلەردىن ئۆزۈڭدە يوق ساداقەتلىكنى قانداق تەلەپ قىلىسەن؟

بىر مەملىكەتنىڭ پرېزىدېنتى بولۇش—بۈيۈك ھۆرمەت. يەر شارىدىكى 5 ملياردقا قاراپ ماڭغان خەلقنىڭ ئىچىدە كارول، ئىمپېراتور، پادىشاھ، خان، پرېزىدېنت بولغانلار ئاز ئەمەس. شۇلارنىڭ ئىچىدە قانچىسى تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان خەلقنىڭ خالىس مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ، نامى تارىختا ئالقىش بىلەن ئاتالدىكىن؟ كۆپىنچە ھۆكۈمرانلارنىڭ بېشىغا چەكسىز ماختاش، مەنسەپ كۈچىنى ھەددىدىن زىيادە ئىشلىتىش، پارىخورلۇق، مال - دۇنياپەرەستلىك، سىياسىي ساۋاتسىزلىق ۋە جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈشكە ئوخشاش خەۋپلىك ئىللەت چىقتى.

چاقانوف: ئىگەمەنلىك ئالغان (مۇستەقىللىق) قازاقىستان بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى پرېزىدېنتلىرىنى سايلاپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئورناق بولدى. مۇشۇ قېرىنداش ئەللەرنىڭ مەملىكەت يولباشچىلىرى: نۇر سۇلتان نازاربايېۋ، ئىسلام كەرىموۋ، ئاسقار ئاقايېۋ، سەپەر مۇرات نىيازوۋ ۋە ئىمام ئەلى راخمانوۋلار سىزنى دۇنيا ئەدەبىياتى ئاقساقاللىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى ئايان. نۇر سۇلتان نازاربايېۋ سىزگە: «قازاقىستان خەلق يازغۇچىسى» نامىنى بەردى. ئىسلام كەرىموۋ بولسا، ئۆزبېكىستاندىكى ئەڭ ئالىي مۇكاپاتلارنىڭ بىرى ——«دوستلۇق» ئوردېنىنى كۆكرىكىڭىزگە تاقىدى. بۇ مۇكاپاتلارنى ئىنلىرىڭىزنىڭ سىزنىڭ پۈتكۈل قۇرۇقلۇق ئوقۇرمەنلىرىنى ھەيران قالدۇرغان ئىجادىيىتىڭىزگە، ئەزىمەتلىك خىسلەتىڭىز بىلەن پاراستىڭىزگە بولغان ئىلتىپاتى دېمەي مۇمكىن ئەمەس. ئەمدى پارىڭىمىزنى ياش مەملىكەتلەرنىڭ تۇنجى پرېزىدېنتلىرىگە بۇرىساق.

ئايتماتوف: توغرا، ئۇلارغا ئاساسەن تارىخ باھا بېرىدۇ. ھاكىمىيەت تۇغۇرىدا تۇرغان ئادەمگە ئېيتىلىدىغان ماختاش سۆزلەرنىڭ چەك - چېكىنى تېپىشمۇ قىيىندۇر بەلكىم. مۇشۇ قۇرۇق مەدھىيە، ماختاشلارغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قارايدىغان، ھەتتا بەزى ئاشۇرۇۋېتكەنلىرىگە قاتتىق چەكلىمە قويغان يولباشچىنىڭ ئامىتى كېلىشى بەرھەق. شۇنداقتىمۇ «ياخشىنىڭ ياخشىلىقىنى يۈزتۇرانە ئېيت، نۇرى تاشقىنلىسۇن» دېگەندەك ئۇلارنىڭ ئۆزىمىز ئاڭقىرىۋالىدىغان بەزى مۆتىۋەر خىسلەتلىرىنى ئېيتىپ ئۆتسەك خاتا قىلغان بولمايمىز، دەپ ئويلايمەن.

قازاقىستاندا 100 دىن ئارتۇق مىللەت بىلەن ئۇلۇس ياشايدۇ. مۇشۇنداق چوڭ مەملىكەتنى جەمئىيەت ئالماشقان چىڭقالتاق مەزگىلدە، مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر كەسكىنلەشكەن پەيتتە باشقۇرۇش نۇر سۇلتانغا ئوخشاش دۇنيا نەزىرىگە چۈشكەن سىياسەتدانغىمۇ ئوڭاي يۈك ئەمەسلىكى ئېنىق. ئىككىمىز ئالمۇتادا، موسكۋادا، برىيۇسسېلدا كۆرۈشۈپ تالاي قېتىم سۆھبەتلەشتۇق. مۇشۇ ئۇچراشقان مەزگىللەردە نازاربايېۋنىڭ روھىيىتى باي، بىلىمدان كىشىلىكىگە كۆزۈم يەتتى. ئەل باشقۇرۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ ئۆزىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. لېكىن روھىي دۇنياسى تېيىز كىشىدىن ئەلا سىياسەتداننىڭ چىقمايدىغانلىقى روشەن.

ئىزاھلار

① ئىران گروزنىي—16 - ئەسىردىكى رۇس كىنەزى.

② ئۈچ يۈز - قازاقلار تارىخىدىكى كىچىك يۈز، ئوتتا يۈز، ئۇلۇغ يۈز.

③ ئابلەي خان - 1735 - يىلى قازاق ئېلىنىڭ خاقانى بولغان.

④ داتقا - كىنەز، گېبىرنسوگقا تەڭ.

⑤ «سىمنا» - سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياشلارغا بېغىشلانغان ژۇرنىلى.

قازاقچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئۇسمانجان ساۋۇت

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# بۇرۇن ھەققىدە



قەدىمكى تېبابەت كىتابلىرىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

بۇرۇننىڭ ئوڭ تۆشۈكى قۇياشقا، سول تۆشۈكى بولسا ئايغا تەئەللۇق، قۇياشنىڭ (كۈندۈزنىڭ) تەبىئىتى ئىسسىق، ئاينىڭ (كېچىنىڭ) تەبىئىتى سوغۇق، كىشىدە سوغۇقى ئاشقانلىق ياكى شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك كېسەللىك ئالامىتى سېزىلسە، بۇرۇننىڭ ئوڭ تۆشۈكىنى پاختا بىلەن ئېتىپ قويۇپ، سول بۇرۇندىن نەپەس ئالسا، ئىسسىقلىق پەسىيدۇ. ئەگەر سوغۇقلۇقى ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئەتۈرىسىنى قىلىش لازىم. ھۆكۈمالارنىڭ قارىشىچە: كىشى كۈندۈزى بۇرۇننىڭ سول تۆشۈكى ئارقىلىق، كېچىسى ئوڭ تۆشۈكى بىلەن نەپەسلىنىشنى ئۇزاق داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئادەتكە ئايلاندۇرالىسا، قىينالماي ئەركىن نەپەس ئالالىغۇدەك دەرىجىگە يەتسە، ئۇنىڭ تېنىدە كېسەللىك بولمايدىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىشىلەر بۇرۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قانچە ئىشنى بايقىغان:

بۇرۇن تۆشۈكىنىڭ نەپەس ئېلىشىدىن ئۆزىنىڭ كەيپىياتىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. كىشىلەر نورمال نەپەس ئېلىۋاتقان ۋاقىتتا بۇرۇننىڭ سول، ئوڭ تۆشۈكىنى نۆۋەتلىشىپ ئىشلىتىدۇ. جۇڭگو تېبابەتچىلىكىدە بۇ «بۇرۇن ئايلىنىش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇرۇننىڭ ئايلىنىش دەۋرى ئادەتتە 2.5 سائەتتىن تۆت سائەتكىچە بولىدۇ. ياش چوڭايغانسېرى ئايلىنىش دەۋرى شۇنچە ئۇزىرايدۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىنى بىر قېتىم ئالماشتۇرۇپ نەپەس ئېلىش ۋاقتى سەككىز سائەتكە يېتىدۇ. بۇرۇننىڭ سول تۆشۈكى بىلەن نەپەس ئېلىشنىڭ بەدەنگە بولغان تەسىرى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇرۇننىڭ ئوڭ تۆشۈكى بىلەن نەپەس ئالغاندا چوڭ مېڭە ئوڭگاي غىدىقلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر جىددىي خىزمەت قىلغاندا ياكى پائال كۆرەش قىلغاندا بۇرۇننىڭ ئوڭ تۆشۈكى ئارقىلىق نەپەس ئالىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە كىشىلەر ئازادە، تىنچ بولغان چاغلاردا بۇرۇننىڭ سول تۆشۈكى ئارقىلىق نەپەس ئالىدۇ.

بۇرۇننىڭ ئوڭ تۆشۈكىدىن نەپەس ئالغاندا ئورگانىزم ئەركىن، ئازادە، ئاراملىق ياكى بىرقەدەر ئاراملىق ھالىتىدە بولغان بولىدۇ، بۇنداق چاغدا كىشىنىڭ كەيپىياتى روھلۇق، ئىنكاسى بىر قەدەر تېز، مىجەزى خۇشخۇي بولىدۇ.

سول بۇرۇندىن نەپەس ئالغاندا بولسا، جىددىيلەشكەن، چارچىغان بولىدۇ. بۇنداق چاغدا كىشىنىڭ كەيپىياتى ناچار، ئىنكاسى سۇس، مىجەزى ئوسال، ئاسان چېچىلىدىغان، دىققىتىنى ئاسانلىقچە يىغالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق چاغدا بەزى ئىشلارغا دىققەت قىلمىغاندا ئاسانلا ھادىسە يۈز بېرىدۇ. بەزىلەر، بۇرۇننىڭ سول تۆشۈكىدىن نەپەسلىنىۋاتقاندا يېگەن تاماق، ئوڭ تۆشۈكىدىن نەپەسلىنىۋاتقاندا يېگەن تاماققا قارىغاندا تېز ھەزىم بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان.

يەنە بەزىلەر، ئۆزىنىڭ مىجەز ـ كەيپىياتى ياخشى بولمىغان ئەھۋالدا بەزى نازۇك، مۇھىم ئىشلارغا قارىغۇلارچە قەدەم قويماستىن مۇۋاپىق پەيتنى تاللاش ياخشى دەپ قارىغان.

## بۇرۇن ئاستىدىكى بېشارەتلەر

بۇرۇن ئاستىدىكى ئويمانىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرى ئادەمنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ئوخشاشمىغان قۇرۇلۇشىدىكى ئادەملەرنى كۆزەتكەندە جانلىق تەتبىقلىنىدۇ.

1) بۇرۇن ئاستىدىكى ئويمان تولغان (توم) بولسا، لېكىن تىل قۇرۇغان بولسا ئۆپكىدە قۇۋۋەت تۈگىگەنلىك خەۋپى بارلىقىنىڭ بەلگىسى.

MIRAS

2)بۇ ئويمان قىزغۇچ قارا بولۇپ، تۇيۇقسىز كىندىك كۆپۈپ ئاغرىسا، بالا ھەمرىيى ئىچىدە قاناش يۈز بەرگەنلىكىدەك خەتەر-لىك كېسەللىكنىڭ بەلگىسى.

3) بۇ ئويمان سۇس قىزىل رەڭدە بولسا، يىرىڭلىق كېسەللىك پەيدا بولۇشىنىڭ بەلگىسى.

4) بۇ ئويمان ئاق بولسا، خەتەرلىك، داۋاسىز كېسەللىك پەيدا بولۇشىنىڭ بەلگىسى.

5) بۇ ئويمان سۇس كۆك (ھاۋارەڭ) رەڭدە بولسا، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكنىڭ بەلگىسى.

6) بۇ ئويمان جايدا تېرىق چوڭلۇقىدا قىزىل چاقا ياكى قارا-داغ بولسا، ئاشقازان ياكى نەپەسلىنىش ئەزالىرىنىڭ ھۆل ئىسسىق-تىن بۇزۇلۇشى، قايىنغان قاننىڭ يىغىلىپ قېلىشىدىن پەيدا بولغان ياللۇغلىنىشنىڭ بەلگىسى.

7) بۇ ئويماننىڭ رەڭگى قارا بولسا، ئاساسلىقى جىگەر كېسلى بىلەن بۆرەك كېسىلىنىڭ بەلگىسى.

8) بۇ ئويمان ئىسلىق يېشىل بولسا، ئۆت خالتا ياللۇغى، ئۆت سانجىقىنىڭ بەلگىسى.

9) بۇ ئويمان تۇتۇق، نۇرنى يوقاتقان بولسا، مەزى بېزى، ئۈرۈقدان، قىزلارنىڭ بالىياتقۇ بويىنى قاتارلىق ئىچكى قوشۇمچە ئەزالار ياللۇغى، ئۈرۈقدان خالتىسى ئىششىقى، بالىياتقۇ ئۆسمىسى قاتارلىق كېسەللەرنىڭ بەلگىسى.

10) بۇ ئويمان ئۇزۇن ۋە تۈز بولسا، تەن ساغلاملىقىنىڭ ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ بەلگىسى.

11) ئاياللاردا بۇ ئويمان قىسقا بولسا، بالىياتقۇ بويىنى ئادەتتە قىسقا بولىدۇ.

12) ئاياللاردا بۇ ئويمان ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن بولسا، بالىياتقۇ تېنى ئادەتتە ناھايىتى تار ھەم ئۇزۇن بولىدۇ. بۇنداق ئاياللار ئا-سان ھامىلدار بولمايدۇ.

13) ئاياللاردا بۇ ئويمان تەكشى بولسا، بالىياتقۇ تېنى كۆپىنچە بالىلارنىڭ شەكلىگە ئوخشاش بولىدۇ ياكى جىنسىي تەلەپ تۆۋەن بولىدۇ.

14) ئاياللاردا بۇ ئويماننىڭ يۇقىرىسى تار، ئاستى كەڭ بولسا، بالىياتقۇ كۆپىنچە ئارقىغا قىيسايغان بولىدۇ، ھامىلدار بولمايدۇ.

15) ئاياللاردا بۇ ئويماننىڭ ئاستى تەرىپى سول يانغا قىيساي-غان بولسا، بالىياتقۇ سول يانغا قىيسايغان بولىدۇ.

16) ئاياللاردا بۇ ئويماننىڭ ئاستى تەرىپى ئوڭ يانغا قىيسايغان بولسا، بالىياتقۇ ئوڭ يانغا قىيسايغان بولىدۇ.

17) ئاياللاردا بۇ ئويمان بوش، ئۇزۇن بولسا، كۆپىنچە بالى-ياتقۇ تۆۋەنلەپ كەتكەن بولىدۇ.

18) ئەرلەردە بۇ ئويمان تولغان، تەكشى بولسا، ئۈرۈقداندا يوشۇرۇن كېسەللىك بارلىقى، ھەم ئەرلىك ئەزاسى قىسقا بولۇپ ياخشى تەرەققىي قىلمىغان بولىدۇ.

### ئايچىكتىكى بېشارەتلەر

ئايچىك (تىرناق يايى) ئادەتتە ھەممە ئادەمدە بولىدۇ. ئۇ تىرناقنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، بۇ ئون بارماقنىڭ ھەممىسىدە بولۇپ، رەڭگى ئاق بولىدۇ. تىرناق يايى بەدەننىڭ ئاجىز ـ كۈچلۈكلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئۇ يەنە ساغلاملىقنى بىلىشنىڭ ھالقىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەكشۈرۈپ باھا بېرىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ.

1) تىرناق يايى چوڭ (تىرناق تېنىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىدىن چوڭ) بولسا، بۇ يۇقىرى قان بېسىمى، سەكتىنىڭ بېشارىتى.

2) تىرناق يايى بەك كىچىك بولسا، ياكى ئېنىق بولمىسا، بۇ مېڭە يۇمشاش كېسەللىكى، ئۆتكۈر ئۆپكە ياللۇغى، زىققا، رېماتىزىم ۋە ھەزىم قىلىش كېسەللىكلىرىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

3) ئون بارمىقىنىڭ ھەممىسىدە ئايچىك (تىرناق يايىنى) كۆرگىلى بولمايدىغان كىشىلەر كۆپىنچە قان ئازلىق، نېرۋا ئاجىز-لىق، تۆۋەن قان بېسىمى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە دۇچار بولىدۇ.

4) تىرناق يايىنىڭ رەڭگىنىڭ نورماللىقىنىڭ ئىپادىسى دائىم ئاق رەڭدە بولۇش، ئەگەر رەڭگى باشقا رەڭدە بولسا، بۇ بەدەندە كېسەللىك بارلىقىنىڭ بېشارىتى، باش بارماقتىكى تىرناق يايىنىڭ رەڭگى ئاقتىن سۇس قىزىلغا ئۆزگەرسە بۇ لىمپا ئايلىنىش سىستې-مىسىنىڭ خىزمەتلىرى توسالغۇغا ئۇچرىغانلىقىنىڭ ئالامىتى.

5) كۆرسەتكۈچ بارماقنىڭ تىرناق يايىنىڭ رەڭگى سۇس قى-زىلغا ئۆزگەرسە ھەزىم قىلىش سىستېمىسىدا كېسەللىك بارلىقىنىڭ بېشارىتى

6) ئوتتۇرا بارماق ئايچىكى (تىرناق يايى)نىڭ رەڭگى سۇس قىزىلغا ئۆزگەرسە بۇ روھىي ھالەت ناچارلىق، جىددىيلىشىش، مې-ڭىگە قان يېتىشمەسلىكنىڭ بېشارىتى، شۇنداقلا مېڭىگە قان يې-تىشمىگەنلىكتىن ئىچكى ئەزالار خىزمىتى ناچارلىقنىڭ بېشارىتى.

7) نامسىز بارماقنىڭ تىرناق يايىنىڭ رەڭگى سۇس قىزىلغا ئۆزگەرسە، بۇ قان ئايلىنىش ياخشى بولماسلىقنىڭ، كەم ماغدۇر-لۇقنىڭ بېشارىتى.

8) چىمچىلاق قول تىرناق يايىنىڭ رەڭگى سۇس قىزىلغا ئۆزگەرسە، بۇ يۈرەك قانتومۇرلىرىدا قاننىڭ ئېقىشى راۋان بولمى-غانلىقىنىڭ ئالامىتى، شۇنداقلا يۈرەك ئىقتىدارىنىڭ ناچارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر ئابدۇللا

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى



# كروران ئېلىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى

غالىب بارات ئەرك

كروران ئېلى ئۆزىنىڭ سىياسىي مەۋجۇتلۇقىنى قوغداش، هۆكۈمرانلىقىنى شەرتسىز يۈرگۈزۈش، جەمئىيەت تەرتىپىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بىر قاتار قانۇنلارنى تۈزۈپ ۋە يۈرگۈزۈپ، شۇ دەۋردىكى هۆكۈمران سىنىپنىڭ مەنپەئەتىنىلا ئەمەس، پۈتكۈل جەمئىيەتتە شەخسىي مال - مۈلۈك ۋە هوقۇقنى قوغدىغان. مۇشۇ بىر نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ بولۇپمۇ قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ يازما هالەتتە تۈزۈلۈپ ئىجرا قىلىنىشى، ئەدلىيە تەرتىپلىرىنىڭ بولۇشى، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈلۈشى بىر زور ئىجتىمائىي تەرەققىيات هېسابلىنىدۇ.

كروران ئېلى تېررىتورىيىسىدىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلارنى ئەنگلىيىلىك قارۇشتىشۇناس بۇرروۋ ئەپەندى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ «شىنجاڭدىن تېپىلغان قارۇشتى پۈتۈكلىرىنىڭ تەرجىمىسى» دېگەن نامدا نەشر قىلدۇرغان، مۇشۇ نۇسخىدىن مەرھۇم ۋاڭ گۇاڭجى ئەپەندى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا قارۇشتىشۇناس لىن مېيسۇن ئەپەندى تەتقىق قىلىش ۋە يۇقىرىقىلارغا ئاساسلىنىش ئارقىلىق قارۇشتى پۈتۈكلىرىنى تەرجىمە قىلىپ «تەكلىماكاندىكى قەدىمكى ۋەسىقىلەر» دېگەن نامدا نەشر قىلدۇرغان. مانا مۇشۇ خەنزۇچە تەرجىمە مەنبەلەردىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا كروران ئېلىدە كەم دېگەندىمۇ «ئورمان مۇھاپىزەت قانۇنى»، «سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قانۇنى»، «نىكاھ قانۇنى»، «مىراس قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»، «باج ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قانۇنى»، «بالا بېقىۋېلىش قانۇنى»، «باللارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى قوغداش قانۇنى»، «كارۋانچىلىق قانۇنى»... قاتارلىق قانۇنلار بولغان.

خاقان بىر هۆكۈمرانلا ئەمەس، بەلكى ئالىي باش سوتچىمۇ بولغان. سوت ئىشلىرى ئادەتتە ئىككى ياكى ئۈچ دەرىجىلىك سوت تۈزۈمى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان. ئالدى بىلەن يەرلىك سوت يەنى شۇ يەرلىك مەمۇرىي ئەمەلدار قانۇن بويىچە هەر بىر دېلو، دەۋا ئىشلىرىدا پاكىتنى ئېنىقلاپ هۆكۈم چىقارغان. جاۋابكار ياكى دەۋاگەر هۆكۈمگە رازى بولمىسا، بىر دەرىجە يۇقىرى سوتقا (ئاستانىدىكى خانلىق سوت بولۇشىمۇ ياكى ئارىلىقتا ئىككىنچى سوت بولۇشىمۇ مۇمكىن) يوللانغان ياكى دەۋا قىلىش هوقۇقى بولغان. ئاستانىدىكى مەمۇرىي ئەمەلدارلار هۆكۈم چىقارغان ياكى تۆۋەندىكى مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا كۆرسەتمە بەرگەن. كېيىن تۆۋەندىكى مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا يازما يارلىق شەكلىدە يەتكۈزۈلگەن، بەزى مۇرەككەپ ياكى چوڭ دېلولار بىۋاسىتە خاقان سوتلاپ هۆكۈم چىقارغان. هەر جايدىكى مەمۇرىي ئەمەلدارلار قانۇن ئىجراچىلىرى بولغان بولۇپ، ئاستانىدىكى ئەمەلدارلار نازارەت ۋە تەپتىش فۇنكسىيىسىنىمۇ ئارتقۇزغان. ۋەسىقىلەردە كۆرۈلىدىغان «قانۇن بويىچە هۆكۈم قىلىنسۇن» دېگەن ئەسكەرتمىلەر شۇ دەۋردە قانۇننىڭ ئاجايىپ يۇقىرى ئۆلچەملىك ئورنى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

كروران ئېلىدە مەخپىي رازۋېدچىكلار بار بولۇپ، ئۇلار دېلولارنى پاش قىلغان، گۇماندارلارنى قولغا ئالغان. سوت داۋامىدا گۇۋاهچىلار گۇۋاهلىق قەسىمى بەرگەن، يالغان گۇۋاهلىق بەرسە جاۋابكارلىققا تارتىلغان. جازا تۈرلىرىدە جەرىمانە قويۇش، تۆلەم تۆلەش، ساقال - بۇرۇتنى چۈشۈرۈۋېتىش، پۇت - قوللىرىنى چەمبەرچاس باغلاش، قاماققا ئېلىش، نازارەت قىلىپ ئەمگەككە سېلىش، دەررىلەش جازالىرى قوللىنىلغان. تېپىلغان قارۇشتى پۈتۈكلىرىدە قانۇنغا مۇناسىۋەتلىكلىرى خېلى زور سالماقنى ئىگەلەيدۇ، هەر بىر ئايماقتا سوتخانا تەسىس قىلىنىش بىلەن بىرگە ئالىي سوت ئاستانىدە تەسىس قىلىنغان. خاندانلىق سوتى يەنى ئاستانە سوتخانىسى تۆۋەندىكى ئايماقلارنىڭ سوتخانىلىرىغا

«دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇنى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىلسۇن، بۇ دېلو سىلەرنىڭ ئۇ يەردە ئېنىقلانمىسا، ئۇلارنى قولغا ئېلىپ ئاستانىغا يوللاڭلار، ئالىيلىرى شەخسەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ» دېگەندەك بايانلار بار. بۇلاردىن ھەر بىر ئىشتا قانۇننى ئۆلچەم قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىلىدىغانلىقى، ئايماقلاردا ھەل بولمىغانلىرىنى خاقان ئۆزى سوتلاپ ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىنى، بۇ ئەلنىڭ بىر يۈرۈش ئەنئەنىۋى قانۇنلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

1. ئورمان مۇھاپىزەت قانۇنى. دۇنيا بويىچە تۇنجى ئورمان مۇھاپىزەت قانۇنى كروراندا تۈزۈلۈپ قاتتىق ئىجرا قىلىنغان. نېمىشقا ئورمان مۇھاپىزەت قانۇنى تۈزۈلۈپ قاتتىق ئىجرا قىلىنىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى مۇشۇ تۇپراقتا ياشاپ يۇرتنى گۈللەندۈرگەن كرورانلىقلار مۇندىن 2000 يىللار بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بالدۇر ئورماننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتتىكى رولى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسىنى تونۇپ يەتكەنلىكىدىن بولغان. كروران ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى زېمىنلارنىڭ مۇھىتى ئەينى يىللاردىمۇ ئوخشاشلا قۇرغاق بولۇپ، كروران شەھىرى بوستانلىرىنى ئالىدىغان بولساق تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ سۈيىگە تايىنىپ ياشايتتى. مۇشۇ ئىككى دەريا زور كۆلەمدىكى تەبىئىي توغراقلىق، يۇلغۇنلۇقنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ كروران بوستانلىقلىرىنىڭ تەبىئىي مۇھىتىنى تەڭشەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەنىدى. مۇندىن تەخمىنەن 4000 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەردە كرورانلىقلار تەبىئەت ئېتىقادچىلىق باسقۇچىدا بولۇپ، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، دېڭىز، تاغ... قاتارلىق تەبىئىي ئىلاھلىرى بار ئىدى، كۈننىڭ ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى رولى ئىنتايىن چوڭ بولغاچقا ئۇنىڭغا بولغان ئېتىقاد ھەممىدىن كۈچلۈك ئىدى. ئەجدادلىرىمىز شۇ ۋاقىتلاردا كۈنگە بولغان ئېتىقادىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن قەبرىلەرگىمۇ ھەر خىل ئۆلچەمدىكى ياغاچلارنى قاتار تۇرغۇزۇش ئارقىلىق نۇر چېچىۋاتقان كۈننىڭ شەكلىنى چىقىرىپ كۈنگە بولغان سېغىنىشنى ئىپادىلىگەن، بۇ خىل قەبرىلەر چاقىلىق ۋە چەرچەن ناھىيىلىرىدىن بايقالدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۆردەك قەبرىستانلىقىغا گەرچە كۈننىڭ نۇر چېچىۋاتقان شەكلى چىقىرىلمىغان بولسىمۇ نۇرغۇن ياغاچلارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى بايقايمىز. بۇنىڭدىن ئۆزگە يەنە جەسەتلەرنىڭ كېسىلگەن توغراقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يېرىپ كېمە شەكلىدە ياساپ دەپنە قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. يەنە كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئوت يېقىشتىن تارتىپ ئۆي سېلىشقىچە ياغاچنىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى، ئۆيلىرىنىمۇ ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىلىپ سالغانلىقىنى بايقايمىز. مانا مۇشۇنداق تۇرمۇش ئېھتىياجى ئەينى تارىخىي دەۋردە ياغاچ ماتېرىياللىرىغا بولغان زور ئېھتىياجنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغىنى چوقۇم، بۇ ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن تەبىئىي ئىھاتە ئورمانلارنى كېسىپ ئىشلىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئورمانلارنىڭ نابۇت قىلىنىشى تەبىئىي قۇرغاق مۇھىت ۋە قاتتىق شەرقىي شىمال بورىنى، ئورمان ئېكولوگىيىسى بىلەن ھاياتلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى تونۇتقان. كرورانلىقلارنىڭ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا دۇنيادا تۇنجى بولۇپ ئورمان مۇھاپىزەت قانۇنى تۈزۈپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان، ئەمەلىيەتتە ئورمان مۇھاپىزەت قانۇنى ئەڭ ئالدى بىلەن مىلادىيىدىن بۇرۇنلا تۈزۈلۈپ ئادەت قانۇنىغا ئايلانغان بولسا، كېيىنچە، يەنى قارۇشتى يېزىقىنى ھاكىمىيەت يېزىقى سۈپىتىدە قوللانغاندىن كېيىن، بۇ قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار خاتىرىلىنىپ قالغان. قارۇشتىچە 482 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن: خاقان ئالىيلىرى قاتارلىقلاردىن: ساكنىڭ ئەرز قىلىشىچە، مۇرىنا ئۇنىڭ مۈلكى بولغان يېرىنى قوبۇل قىلغان. لېكىن Sadavida بىلەن Karsinavas بۇ يەرنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغان ھەمدە تېرىغىلىمۇ قويمىغان. ئۇلار يەردىكى دەرەخلەرنى كېسىپ ساتقان. بىراۋنىڭ باشقىلارنىڭ مۈلكىنى كېسىشى قانۇنغا خىلاپ. سىز ئۇشبۇ مۆھۈرلۈك پۈتۈكنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان ئۇلارنىڭ قەسەملىرى ۋە تانۇقلارنى تەپسىلىي تەكشۈرۈڭ، ئىش راستىنلا شۇنداق بولغانمۇ؟ Sadavida بىلەن Karsinavasنىڭ قىلمىشىنى چەكلەش كېرەك، ئۇلار ساكنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزسە بولمايدۇ. بۇرۇنقى قانۇن تۈزۈملەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسى بويىچە دەرەخ يەنىلا كۆكىرىپ تۇرغان بولسا، ھەر قانداق ئادەمنىڭ دەرەخنى كېسىشىنى توسۇش لازىم، دەرەخنى يىلتىزى بىلەن كەسكەنلەرگە بىر ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ. دەرەخنىڭ چاتىقىنى كەسكەنلەرگە بىر ئىنەك جەرىمانە قويۇلىدۇ. ھۆكۈم قانۇن بويىچە چىقىرىلىدۇ...

مانا بۇ قانۇننىڭ بولغانلىقىنىڭ ھەم قاتتىق ئىجرا قىلىنغانلىقىنىڭ ئىنكاسى. بۇ يەردە يەنە بۇرۇنقى قانۇننىڭ دېيىلگىنى بىزنىڭ يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ، يەنى بۇ قانۇن قارۇشتى يېزىقىنى قوللىنىشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى، دېگەنلىكىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مانا مۇشۇ قانۇن بەلگىلىمىسىگە قارىغاندا كۆكلەپ تۇرغان دەرەخنى ھەر قانداق ئادەمنىڭ كېسىشىگە يول قويۇلمىغان، كېسىلگەن بولسا، مەسىلەن: چاتىقىنى كەسكەنلەرگە بىر ئىنەك، يىلتىزى بىلەن كەسكەنلەرگە بىر ئات جەرىمانە قويۇلغان. قانۇننىڭ مۇشۇنداق قاتتىق ئىجرا قىلىنىشى قانداق ئۈنۈملەرنى ئەكەلدى؟ بۇنىڭغا زامانىمىز ئارخېئولوگلىرىنىڭ بايان-

لىرى مۇناسىپ جاۋاب بولسا كېرەك. چېن رۇگو «كروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ تارىخىي جۇغراپىيىسىگە ئائىت مەسىلىلەر ھەققىدە مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىسىدە «كەمىنە مۇئەللىپنىڭ مۆلچەرلىشىمچە كروران تازا گۈللەنگەن ۋاقىتتا كروران رايونىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئەڭ كەم دېگەندىمۇ 40% ئەتراپىدا بولغان... كروران شەھەر رايونىدا زور كۆلەملىك قۇرۇپ كەتكەن توغراق ئورمىنى مەنزىرىسىنى ھازىرمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ، دىئامېتىرى يېرىم مېتىردىن ئاشىدىغانلىرى كۆپ بولۇپ، ئىككى ـ ئۈچ ئادەمنىڭ غۇلىچى ئاران يېتىدىغانلىرىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ... ياغاچ ماتېرىياللىرى كروران رايونىنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بولۇپ، كروران خارابىلىكىدە نەگىلا بارسا دۆۋىلىنىپ قالغان ياغاچلارنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىردىن ئۇزۇن بولۇپ بالا ياغاچ قىلىنغان، ئۇلارغا زامانىسىنىڭ نەققاشلىرى نەپىس ئويمىلارنى ئويغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئورنىدا ناھايىتى مۇستەھكەم تۇرماقتا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ يەردىن ئېلىنغان توغراق ياغاچلىرى...» دەيدۇ.

2. سۇ ئىشلىرى باشقۇرۇش قانۇنى. بىز يۇقىرىدا كۆرگەندەك كروران بوستانلىقلىرى قۇرغاق مۇھىتتا ئۆز ئېكولوگىيىسىنى ساقلاپ قالسا، ئاندىن كرورانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلالايتتى. بۇ يەردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھاياتلىق كاپالىتى پەقەت تارىم ۋە كۆنچى دەرياسىدىن كېلىدىغان سۇغا باغلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىگىلىكىدە بېلىقچىلىق، قۇشچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى، سۇنىڭ ھاياتلىقتىكى رولى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، بىرەر جاينىڭ گۈللىنىشى ياكى ۋەيران بولۇشى سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. تارىم ئويمانلىقىدىكى جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى ئەڭ پەس بولغان بۇ جايدا دەريا ئېقىنلىرى ئۆز ئاراھاگاھنى بەرپا قىلغان بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 4 ـ 5 مېتىردىن ئاشمايدىغان كۆللەرنى ھاسىل قىلغانىدى. لوپ كۆلى بۇنىڭ مىسالى بولۇپ بۇ ئەينى ۋاقىتتا تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئاخىرقى قۇيۇلۇش ئورنى ئىدى، شۇڭا كروران بوستانلىقلىرىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراپلىشىشى شەكسىزكى، مۇشۇ ئىككى دەريانىڭ مۇشۇ يەرگە كېلىدىغان ئېقىنىنىڭ مىقدارى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. تەبىئەت ئېكولوگىيىسى ۋە تەبىئەتنىڭ چەكلىمىسى ئاخىرقى ھېسابتا كرورانلىقلارغا يۇرتىنىڭ ھايات ـ ماماتىنىڭ سۇ بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى تونۇتقان. نەتىجىدە كرورانلىقلار يۇرتىنىڭ گۈللىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش، خەلقىنىڭ تىنچ ـ ئاسايىشلىق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك قانۇن بەلگىلىمىسىنى، جۈملىدىن، سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قانۇنى تۈزۈپ چىقىپ سۇ ئىشلىرى ۋە سۇغىرىشنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇپ يۇرتىنىڭ گۈللىنىشىدە زور تارىخىي تۆھپىسىنى قوشقان. كرورانلىقلار سۇ ئىشلىرىنى قانۇن تەرتىپىگە سېلىشتا قانۇن تۈزۈپلا قالماستىن يەنە سۇ قۇرۇلۇشى قىلغان ھەمدە سۇ قاتنىشىنى يولغا قويغان. كروران شەھەر قەدىمدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان سۈنئىي قانال بەزى شەھەر خارابىلىرى بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، ئالىملارنىڭ پەرىزىچە بۇ قانال ئارقىلىق توشۇش خىزمىتى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان، بۇنى ئارخېئولوگ ستەيىن بايقىغان يازما پۈتۈكتىكى «كېمىگە ئولتۇرۇپ دەريادىن ئۆتتۇق، ئېقىن ئوتتۇرىسىدا كېمە بۇزۇلدى» دېگەن جۈملىلەر كۈچلۈك ئىسپات بولالايدۇ.

ئارخېئولوگلار مىرەن كونا شەھىرى خارابىسىدىن قەدىمكى سۇ قۇرۇلۇش ئىنشائاتىنى بايقىغان بولۇپ، «مىرەن قەدىمكى سۇغىرىش سىستېمىسى بىر غول ئۆستەڭ، يەتتە تارماق ئۆستەڭ ۋە نۇرغۇن ئېرىقلاردىن تۈزۈلگەن، يەلپۈگۈچ شەكلىدە جەنۇبتىن شىمالغا يېيىلغان. سۇغىرىش رايونى شەرقتىن غەربكە 6 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 5 كىلومېتىر كېلىدۇ. غول ئۆستەڭ ئېگىز، تۈز، رەتلىك بولۇپ ئۇزۇنلۇقى 8 كىلومېتىرغا يېتىدۇ، كەڭلىكى 10 ـ 20 مېتىر (قېشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئېگىزلىكى 10 مېتىر ئەتراپىدا، باش تەرەپتىن قەدىمكى مىرەن دەرياسىنىڭ قەدىمكى شەرقىي تارمىقىغا تۇتىشىدۇ... يەتتە تارماق ئۆستەڭ ئەگرى ـ بۈگرى جايلاشقان بولۇپ كەڭلىكى 3 ـ 5 مېتىر، ئېگىزلىكى 2 ـ 4 مېتىر كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى شەرقتىن غەربكە قاراپ ئۆلچىگەندە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 3، 4، 4. 5، 5، 5، 45 .4 كىلومېتىر...». يەنە ئارخېئولوگلارنىڭ تەتقىقاتىچە مىرەن بوستانلىقىنىڭ سۇغىرىش كۆلىمى 45مىڭ موغا، تېرىلغۇ كۆلىمى 17 مىڭ موغا يەتكەن.

كروران رايونىدىن تېپىلغان خەنزۇچە يېزىقتىكى پۈتۈكلەرمۇ بۇ يەردە سۇنىڭ بەزىدە كۆپىيىپ، بەزىدە ئازىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

水大波深必泛史顺留矣 ) ?( □□为大 池深大
又来水少许也要左右已到达楼兰

يۇقىرىقى ئىككى خەنزۇچە پۈتۈكنى سېۋىن ھېدىنلەر تاپقان بولۇپ، كروران رايونىدا سۇ رايىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى

كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مانا مۇشۇنداق رېئاللىق كىرورانلىقلارنىڭ ئۆز يۇرتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشتا سۇغا ئەھمىيەت بەرمىسە بولمايدىغانلىقىنى تونۇتقان، نەتىجىدە ئۇلار مەخسۇس قانۇن چىقىرىپ سۇ ئىشلىرىنى تەرتىپلىك، ئەتراپلىق باشقۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان. بۇلارنى كىروران ئېلىنىڭ ھۆكۈمەت يېزىقى بولغان قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. 47 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇنداق بايانلار بار: Vasu رابىيانىڭ ئەرزىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ بېغى ۋە تورالغۇسىنى ئابۇجا سۇغا باستۇرۇۋەتكەن. سىز بۇ پېچەتلىك پۈتۈكنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن...» دېيىلگەن، 72 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە «بۇغدايغا ئىككى، ئۈچ قېتىم سۇ قويۇلدى. بۇ سۇ تۇتۇش پۈتۈكى (ئاخىرىدا تىزىملاش جەدۋىلى)» دېيىلگەن. مانا بۇلاردىن كىروران ئېلىدىكىلەرنىڭ سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس قانۇن تۈزۈپ ۋە سۇ ئىشلىرىنى تەرتىپلىك باشقۇرغانلىقىنى، جۈملىدىن، سۇ ئىشلىرىدىن مەخسۇس ئارخىپ قالدۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

3. نىكاھ قانۇنى. ھەر قانداق بىر جەمئىيەتتە جەمئىيەتنىڭ كىچىككىنە ھۈجەيرىسى بولغان ئائىلە نۇرغۇن ئىشلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، جۈملىدىن ئائىلىنى كىچىك بىر ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە ئوخشىتىش مۇمكىن. ئەينى تارىخىي دەۋردە كىروران ئېلىدە چوڭ ئائىلە ئادىتى ساقلانغان بولۇپ، بۇنى خەنزۇچە پۈتۈكلەردىكى نوپۇس بىلەن ئائىلە سانىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ كىچىككىنە بۇ ھۈجەيرىسىنى ياخشى باشقۇرۇش ھەمدە بۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ تىنچ ـ ئاسايىشلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كىروران ئېلى مەخسۇس قانۇن تۈزۈپ ئىجرا قىلغان بولۇپ، قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەر بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلىرىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. 474 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن:

خاقان ئالىيلىرى قاتارلىقلاردىن:

Suvethaبىمۇشنا قاتارلىقلارنىڭ مەلۇمات يوللىشىچە، يېقىپ مەھەللىسىدىكى ئىجارىكەش يېبوجىنىڭ قىز قېرىندىشى كەتسونى دېپ مەھەللىسىدىكى ئىجارىكەشSramamna سانغابورو خوتۇنلۇققا ئالغان بولسىمۇMukesi ياكى lote ئالمىغان. ئۇشبۇ مۆھۈرلۈك پۈتۈكنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان تەپسىلىي تەكشۈرۈڭ. ئەگەر ئۇ قانۇنلۇق ھالدا نىكاھلىنىپ ئەرگە تەگكەن بولسا مىراس ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە تەڭ بۆلۈپ بېرىلىدۇ. ناۋادا Mukesiبىلەن loteنى ئالمىغان بولسا مۇشۇ جايدا ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ.

481 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇنداق بايانلار بار:

خاقان ئالىيلىرى قاتارلىقلاردىن:

يېبوجى قاتارلىقلارنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، سۇكانىم ئاچا ـ سىڭىللىرىدىن تامابور ۋە سۇمتوتىنىڭ ئانىسى،Mukesi بىلەن Lote نى تېخىچە بەرمىگەن ئىكەن. بۇ مۆھۈرلەنگەن پۈتۈكنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان دەرھال تەپسىلىي تەكشۈرۈڭ. سۇكانىمنىڭ Vega kilme مەجبۇرىيىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ باجنى سۇكانىمنىڭ پەرزەنتلىرى دېپ مەھەللىسىدە تاپشۇرۇشى كېرەك. ئەگەر ئىختىلاپ بولسا...

730 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇلار زىنا قىپتۇ. ھۆكۈم قانۇن بويىچە چىقىرىلسۇن.

خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان نىيە ناھىيىسىدىن تېپىلغان كىروران ـ چەرچەن ئېلى دەۋرىنىڭ لىن مېيسۇن تەرىپىدىن ترانسكرىپسىيە ۋە تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان بىر پارچە قارۇشتىچە پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن:

بۇ تامغا باج نازارەتچىسى ئالىياكېمماسانىڭ، كۈچ قۇدرەتلىك ئۇلۇغ خاقان، تەڭرى ئوغلى سۇلىكا سەلتەنەتىنىڭ 5 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى. بۇ يەردە چامپىرا ئىسىملىك بىر كىشى بار. ئۇ كىشى پامچىناسىنىڭ قىزى ئۇمايىنى خوتۇنلۇققا ئالغانىدى. دەريا سۈيى ئۈزۈلۈپ قالغان ۋاقىتتا خوتۇنى ئۇمايىنى تاشلىۋەتكەن. بۇ ئەر ـ خوتۇنلار شۇنىڭ بىلەن ئايرىلىپ كېتىشكەن. ھازىر خان ئوردىسىدىن چامپىراغا بىر يارلىق كەلدى، ئۇنىڭ مەزمۇنى چامپىرا بىلەن ئۇمايغا يەتكۈزۈلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇماي خاتۇن بىلەن چامپىرا ئارىسىدا جېدەل بولمىدى. مۇبارەك يارلىققا بويسۇنۇپ چامپىرا بىلەن ئۇماي ياخشىلىشىپ قالدى. كېيىنكى ئارقىلىق چامپىرا ئۇماي بىلەن ئاجرىشىشنى خالىدى، نىكاھ توختامى بىكار قىلىنىپ ھەممە ئىش ياخشىلىق بىلەن ئاخىرلاشتى. مۇشۇ توختام بويىچە مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىلدى: بۈگۈندىن باشلاپ ئۇماي بىلەن پەرزەنتلىرىنىڭ ھېساب ـ كىتابى تۈگىدى. چامپىرا ياكى بالىلىرى بىلەن باگاسالىقلارنىڭمۇ ھېساب كىتابى تۈگىدى. ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئىتى دەخلىگە ئۇچرىسا بولمايدۇ. بۇ ئىككەيلەننىڭ كېلىشىمگە ئاساسلانغاندا ئوغۇ ئاركام توختاملاشقاندا تانۇق بولغان. ئەگەر مۇندىن كېيىن ئۇلار توختامدىن نارازى بولسا، ئۇرۇشسا دەرىلىنىدۇ، جەرىمانە قويۇلىدۇ، يەنى تۆت ياشلىق بىر ئات جە-

رىمانە قويۇلىدۇ ۋە 110 دەررە ئۇرۇلىدۇ، مۇشۇ جازاغا ئۇچرىغاندىن كېيىنمۇ توختام كۈچكە ئىگە بولىدۇ. يۇقىرىدا يېزىلغان تانۇقلار گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى. ئاركامىدىن باشقا يەنە جىلاكامىنا بىلەن جىشۇخۇلارمۇ گۇۋاھ. ئۇشبۇ توختامنامە يۈتۈكچى شامىن تەرىپىدىن يېزىلدى، ھەر قانداق يەردە ئىناۋەتلىك. باجنى تۆلەپ بولمىغان كىشى سوكويا، تاسۇكا پىگانا بىلەن پىيداناسا.

مانا بۇ پۈتۈكلەر كروران ئېلىدە نىكاھ ئىشلىرىنى مەخسۇس قانۇن تۈزۈم بىلەن باشقۇرغانلىقىنى، جۈملىدىن، ئائىلە ئىشلىرىغا ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا جەمئىيەت ئامانلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش بىلەن بىرگە زىناغا قانۇن بەلگىلىمىسى ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىلغانلىقى ئەينى تارىخىي دەۋردە مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە ھاكىمىيەتنىڭ قانۇن ۋاستىسى بىلەن مۇنداق ئىشلارنى چەكلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەينى تارىخىي دەۋردىمۇ نىكاھ ئىشلىرىدا خۇددى ھازىرقىدەك نىكاھ تىزىملاش، توي خېتى بېرىش ئارقىلىق نىكاھنى قانۇنلاشتۇرغانلىقى، قانۇنلۇق نىكاھنىڭ قانۇن ئارقىلىق قوغدالغانلىقى، نىكاھلانغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنىڭ قوغدالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. يۇقىرىقى پۈتۈكتىكى Mukesi ۋە Lote سۆزلىرىنىڭ تەگداش مەنىسىنى ھازىرغىچە ئېنىقلاش مۇمكىن بولمايۋاتقان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ نىكاھ گۇۋاھنامىسى ۋە تىزىملاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى گۇمانسىز.

«خەننامە»دىكى مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا كروران ئېلىدە ۋارىس نىكاھ ئەنئەنىسى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ بۇ جەھەتتىن ھونلار ۋە شەرقىي ئۇيغۇرلار يەنى موڭغۇلىيە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشىشىدۇ. كونكرېتراق ئېيتقاندا بۇ نىكاھ جەمەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى ساقلاپ قېلىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. مەسىلەن: ئاكىسى بىلەن ئۇكىسى ئۆلسە بىرى يەنە بىرىنىڭ خوتۇنىنى نىكاھىغا ئالغان بولۇپ، جەمەتنىڭ كىشىلىرىنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قالغاندىن سىرت يەنە مال ـ مۈلۈكنىڭ چېچىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. بۇ خىل نىكاھ خانلىق يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىدىمۇ بولۇپ ۋارىس نىكاھ ساقلانغان. مەسىلەن: خاقان ئۆلۈپ ۋەلى ئەھدى (تېگىن) تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆگەي ئانىلىرى جۈملىدىن ئاتىسىنىڭ ئوردا ھەرىمىدىكى خوتۇنلىرىنى ئۆز نىكاھىدا ساقلىغان. كرورانلىق ئەجدادلار شۇ ۋاقىتلاردىن بۇرۇنلا يېقىن تۇغقانلارنىڭ توي قىلسا ئەۋلادىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يېتىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىش ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈرگەن. Mukesi ۋە lote رەسمىيەت ھەققىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن قانۇنلۇق نىكاھ دەپ قارالغان ۋە قانۇننىڭ قوغدىشىغا ئېرىشكەن، قانۇننىڭ قوغدىشى رەسمىيەت بېجىرگۈچىلەر ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ مەنپەئەتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن نىكاھ قانۇنسىز نىكاھ دەپ قارالغان ۋە قانۇننىڭ قوغدىشىغا ئېرىشەلمىگەن، قانۇنلۇق نىكاھتا دۇنياغا كەلگەن پەرزەنتلەرلا قانۇنلۇق مىراسخور بولالىغان.

4. دىنىي ئىشلار ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش قانۇنى: كروران—چەرچەن خانلىقى دەۋرىدە يەنى مىلادىيىنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ بۇددا دىنى راۋاجلاندى. خانلىق تېررىتورىيىسى كېڭەيگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى دىنىي ئىشلارنىڭ دائىرىسىمۇ كېڭەيدى. دۆلەتنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ئۈچۈن بىر قانچە دىنىي رايونغا (Samga) غا بۆلۈپ، كروران دىنىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن كونترول قىلىندى. كروران ـ چەرچەن ئېلىدە راھىبلارنىڭ يېرى، خوتۇنى ۋە مال ـ مۈلكى بولۇپ راھەت ـ پاراغەتتە تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئۇلار يەنە قوشۇمچە مەمۇرىي مەنسەپلەرنىمۇ تۇتقان. كروران ئېلىدىكىلەر بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا (كىچىك كۆلۈڭگۈ) مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغان. كروران ئېلى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىلا ئەمەس، شىمالىي لىنىيە يەنى كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ كەتكەن لىنىيىسىدىمۇ مۇھىم بولغاچقا دىنىي ئىشلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشمۇ ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن ئەلدىكى دىنىي ئىشلارنى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ دىنىي ئىشلارغا بولغان تەسىرىنى ئەتراپلىق باشقۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس قانۇن تۈزۈپ ئىجرا قىلغان. 489 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتىن بۇ نىزامنىڭ ئېنىق مەزمۇنىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

راھىبلارنىڭ نىزامى. ئۇبدان ساقلانسۇن.

بۇ... تامغىسى

ئۇلۇغ خاقان، كۆك تەڭرىنىڭ ئوغلى ئېدوكا ماھىرى سەلتەنەتنىڭ 10 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى... ئۇلۇغ ئاستانەدىكى راھىبلار چادوتادىكى راھىبلار ئۈچۈن تۈزگەن نىزام. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا شامى ئۇلۇغ راھىبقا سەممىي ئەمەسكەن، بويسۇنمايدىكەن. بۇ ئىش توغرۇلۇق خاقان ئالىيلىرى ھەر دەرىجىلىك راھىبلار ئۈچۈن بۇ قائىدە نىزامنى، تۈزۈمنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەلگىلىدى. ئۇلۇغ راھىب شىروبوروپو بىلەن بۇمناشنا ئىككەيلەن ئىبادەتخانىنى باشقۇرىدۇ. ئۇلار راھىبلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇشى كېرەك. ئىختىلاپ يۈز بەرسە قانۇن بويىچە سوتلىنىدۇ. راھىبلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى ئۇلار باشقۇرىدۇ... شۇڭا، راھىبلار كۆڭۈللىرىدە رازى بولۇشىدۇ. مۇندىن كېيىن قايسىبىر راھىب راھىبلارنىڭ پائالىيىتىگە قاتناشمىسا بىر توپ يىپەك جەرىمانە قويۇلىدۇ. Posatha مۇراسىمغا تەكلىپ قىلىنغان ھەر قانداق بىر راھىب راھىبلىق تونىنى كىيمەي ئاۋام كىيىمدە كەلسە بىر توپ يىپەك جەرىمانە قويۇلىدۇ. ھەر قانداق بىر راھىب باشقا بىر راھىبنى ئۇرسا، يېنىك بولسا 5 توپ يىپەك، ئېغىرراقلىرىغا 10 توپ يىپەك، ئېغىرلىرىغا 15 توپ يىپەك جەرىمانە قويۇلىدۇ. ھەر قانداق بىر ئۆي ئىگىسى راھىبقا...

بۇ نىزام كەمتۈك بولۇپ قېلىپ تېخىمۇ كەڭ مەزمۇنلاردىن ۋاقىپ بولۇشتىن مەھرۇم قالغان بولساقمۇ ئەينى ۋاقىتتا دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ۋە راھىبلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس قانۇن تۈزۈم تۈزۈپ ئىجرا قىلغانلىقىنى، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى سوتلاش، جەرىمانە قويۇش ئۇسۇللىرى بىلەن جازالىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. مۇشۇ قانۇننىڭ تۈزۈلۈشى ئەينى ۋاقىتتا ئەنە شۇنداق بىر قانۇننى تۈزۈش ئېھتىياجى تۇغۇلغانلىقىنى، جۈملىدىن راھىبنىڭ راھىبنى ئۇرۇشى، دىنىي پائالىيەت ۋاقتىدا دىنىي مۇراسىم كىيىمى، جۈملىدىن، راھىبلىق كىيىمى كىيمەسلىكتەك ئەھۋاللارنىڭ كۆرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

كىروران دائىرىسىگە بۇددا دىنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىرلەردە تارقالغان بولسىمۇ مىلادىيە 2 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇلۇغ كۆلۈڭگۈ مەزھىپى تارقالغان بولسا كېيىنچە يەنى 2 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ كىچىك كۆلۈڭگۈ مەزھىپى تارقالغان ۋە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن. كىروران ئېلىدە ھەر ئىككى ئائىلىدىن بىردىن بۇددا راھىبى بولۇشى، جۈملىدىن، راھىبلارنىڭ سانىنىڭ 4000 دىن ئېشىشى بۇددىزىمنىڭ روناق تاپقانلىقىنىڭ ئىسپاتى، مىرەن كونا شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان بۇددا دىنى مەزمۇن قىلىنغان تام رەسىملىرى، بۇدداغا ئائىت ھەيكەللەر بىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى كىروران بۇددىزىمى ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى كىروران بۇددىزىمنى چۈشىنىشتە قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ، بولۇپمۇ كىروران بۇددا راھىبلىرىنىڭ شەخسىي مال ـ مۈلكى بولۇشى، كىروران ئېلىدە راھىبلار ئىقتىسادىي، ئەدلىيە ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلغان بولۇپ ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى، راھىبلارنىڭ توي قىلىپ ئەۋلاد قالدۇرۇشى، بالا بېقىۋېلىشى، بۇتخانىلارنىڭ ۋەخپە يەرلىرىنىڭ بولۇشى ۋە ۋەخپە يەرلەرنىڭ ئىجارىگە بېرىلىشى، راھىبلارنىڭ يەنە دۆلەتتە قوشۇمچە دۆلەت مەمۇرى بولۇشى، سودا ـ تىجارەت قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەردە بىۋاستە پاكىت بولالايدۇ.

5. باللارنى قوغداش قانۇنى: خاندانلىق ئەينى ۋاقىتتىكى يۈز بەرگەن ئۆسمۈرلەرنى خارلاش، ئۇرۇش ھادىسىلىرىگە قارىتا چەكلەش تەدبىرى قوللىنىش لازىملىقىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن مەخسۇس قانۇن تۈزۈپ، ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتىنى ھېچ بولمىغاندىمۇ جىسمانىي بىخەتەرلىكىنى قوغدىغان. 29 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن:

خاقان ئالىيلىرى قاتارلىقلاردىن:

رابىيا ۋە كىلەيسالارنىڭ ئەرزىگە قارىغاندا شىما ئىسىملىك ئايالنىڭ بېشى باشقىلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ يېرىۋېتىلگەن. رابىيانىڭ يەنە بىر قىزى كېلەيشا قېرىندىشى ئوكارو تەرىپىدىن ئۇرۇپ يارىدار قىلىنغان. ھازىرچە بۇ ئىشنى نەق مەيداندا كۆرگەن ئادەم يوق، شۇڭا ھۆكۈم چىقىرىش مۇۋاپىق ئەمەس...

[بۇ پۈتۈك ئەينى ۋاقىتتا قانۇنىي ھۆكۈملەرنىڭ پاكىتلار ئاساسىدا چىقىرىلغانلىقى، پاكىتقا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ]

331 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن: بورىيابوتنىڭ قىزىغا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈك، جاكىنا ساقلايدۇ.

بۇ تامغا Kala بومىنابرونىڭ.

ئۇلۇغ خاقان، تەڭرىنىڭ ئوغلى ئېدوكا ماھىرى ئالىيلىرى سەلتەنەتىنىڭ 11 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۇلۇغ تېگىن بومىنابرونىڭ تەۋەلىكىدىكى بورىيابوت ئىسىملىك بىر ئەر بار ئىدى. ئۇنىڭ بىر قىزى بار ئىدى. ئۇ قىزنى يەردە يىتتۇرۇپ قويغان. جاكىنا ئۇ قىزنى تېپىۋېلىپ باققان ھەمدە «سۈت ھەققى»نى بورىبوتقا بەرگەن. بۇ ئىش مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق سۈت ھەققىنى بىر ئات قىلىشقان. بۇ قىزنى جاكىنا ساتسا ياكى گۆرۈگە قويسا ۋە ياكى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارسا بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆيدە خورلىماسلىقى، ئۆز قىزىدەك مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ قىز توغرۇلۇق بورىيابوت ياكى خاتۇنى باشقىچە ئىختىلاپ قىلسا بولمايدۇ. بۇ پۈتۈكنى Sramanaئۇلۇغ تېگىن Kala بومىنابرونىڭ يارلىقى بىلەن پۈتۈپ چىقتىم. بۇ پۈتۈك ھەر قانداق يەردە ئىناۋەتلىك.

187 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇلۇغ خاقان
ئاموگوكا ... tusuoa،جابېـــكــاي tuguja ،بىكاروفارو gus ' ura
روگرودۇكا بىلەن tsa <i> kitsa جىت... جىپيا، موكادو، كىمە-
رو بىلەن رەيىمبىنا قاتارلىق تۆت كىشىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن
قالغان بىر باغلىق يېرى... ئۇزۇملۇك بېغى ۋە تېرىلغۇ يەرلىرى
بار. ھازىر ئۇلارنىڭ بارلىق مىراسلىرى (بارلىق يوتقان ـ كۆرپە
ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەڭ تەقسىم قىلىندى.
قارارمۇ يەتكۈزۈلدى. شۇ ۋاقىتتا كەنجى ئىنىسى كىمرو جىپيا
تەرىپىدىن ئۇرۇپ بىر ئۇستىخىنى سۇندۇرۇۋېتىلگـەن. ھـازىـر
جىپيا جازاغا تارتىلىپ 70 دەررە ئۇرۇلۇپ گۆشلىرى تىتىلىپ
كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەش distis ئېگىزلىكتىكى ئەردىن
بىر نەپەر تۆلەپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈندىن باشلاپ
قېرىندىشى كىچىك ئىنىسىنى ئۇرسا، ئاتا ئوغلىنى ئۇرسا مۇشۇ
دېلو مىسالى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. مۇشۇ ئىش توغرۇ-
لۇق بۇ مەكتۇپ<tsa I >Kitsa بىدىياغا يېزىلدى. مۇندىن
كېيىن ھەر قانداق ئادەمنىڭ قېرىنداشلىرىنى زەخىملەندۈرۈشى
چەكلىنىدۇ. بىر تۆگە توغرۇلۇق، ھازىر maravara رىبويا بىلەن
جىپيا ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ تۇغۇلدى. جىپيا بۇ يەرگە كەلسۇن.

بىز يۇقىرىقى پاكىتلاردىن كروران ئېلىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا با-
لىلارنىڭ جىسمانىي ۋە قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداشتا
مەخسۇس قانۇن چىقىرىپ بالىلارنىڭ مەنپەئىتى ۋە جىسمانىي
بىخەتەرلىكىنى قوغدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

6. باج ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن: كروران - چەر-
چەن ھاكىمىيىتى ھەممە ئىشلىرىنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشقا
تىرىشقىنىدەك، باج ئىشلىرىنىمۇ قانۇن يولىغا سېلىپ باجنى قا-
نۇن ئارقىلىق تىزگىنلەنگەن. باج تاپشۇرۇش، باج يىغىش ۋە
باشقا ئىشلارنى قانۇن بەلگىلىمىلىرى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلى-
غان. قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرگە ئاساسلانغاندا خانلىقنىڭ
ئەركىن ئاھالىلىرى ئون خىلدىن ئارتۇق باج تۆلىگەن بولۇپ
نوپۇس بېجى، يەر بېجى،سۇ بېجى، چارۋا بېجى، مېۋە بېجى،
پەك بېجى، كىلىگىس بېجى، سامالانا بېجى، چاجىنا بېجى، كۆ-
جىنا بېجى، ھاراق بېجى، سۇكا بېجى، ماكا بېجى، قۇگىنا بېجى،
كۇلىما بېجى قاتارلىقلار بولغان. يۇقىرىقى باج تۈرلىرىنىڭ بە-
زىلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش مۇمكىن بولسىمۇ بەزىلىرىـنـىڭ
مەنىسى تېخىچە ئېنىقلانمىغاچقا چۈشىنىش قىيىن. باج يىغىشتا
باج رايونلىرىنى بىرلىك قىلىپ قانۇن بەلگىلىمىلىرى بويىچە باج
تاپشۇرغان.

باج تاپشۇرۇشتا ئاساسەن ماددىي نەرسىلەرنى تاپشۇرۇش
ئاساس قىلىنغان، باجغا تاپشۇرۇلغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە سار-
ماي، قوي، زىلچا، كىگىز، زىرائەت، رەخت، كىيىم، تاغار، سې-
ۋەت، تۆگە، كالا، ئانار ۋە مەنىسى ئېنىقلانمىغان نەرسىلەردىن
Kosaraarnarnii, vaji, camdvi, kammama, maka, ogana, cvoma
قاتارلىقلار بار.

ئۈزۈم ھارىقى بېجىنى ئۈزۈم ھارىقى ئىدارىسى يىغقـانـدىن
باشقا باجلارنى شۇ يەرلىك ھاكىمىيەت يىغىشقا مەسئۇل بولغان،
يىغىلغان باجلار ۋاقتىدا خاندانلىق خەزىنىگە تاپشۇرۇلغان. باج-
گىرلار ۋە مالىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ قولىدا مەخسۇس تەپسىلىي
خاتىرىلەنگەن باج تاپشۇرۇش خاتىرىسى بار بولۇپ خاندانلىق
خالىغان ۋاقىتتا نازارەت قىلىپ تۇرغان ۋە ئەنە شۇ تەپسىلىي
ھېساب دەپتىرىگە ئاساسەن باج يىغقان. باجگىر باج يىغىشقا
سۇسلۇق قىلسا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان. باجگىر باجنى كەم
يىغسا، ئارقىغا تارتسا، يوقاتسا سانى بويىچە تۆلىگەن. ئاتا ـ
ئانىسى تۆلىيەلمىگەن ياكى ئارقىغا تارتقان باجلارنى بالىلىرى
تۆلىگەن، بۇ ھەقتە پۈتۈكلەردە كۆرۈلىدىغان مۇناسىۋەتلىك ئۇ-
چۇرلار مەلۇمات بېرىدۇ. تۆۋەندە مۇشۇ ھەقتىكى پۈتۈكلەردىن
مىسال كۆرۈپ باقايلى: نىيە ناھىيىسىدىن تېپىلغان20NA91
پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن:

ھۆرمەتلىك، قۇدرەتلىك ئايماق بېگى ساماسانا، بۇغۇ باج
نازارەتچىسى ۋاگاكا ئوپگېيا ئالىيلىرىدىن قۇتقۇ ۋە ئارجۇنادىن
ئامان ـ ئېسەنلىك سوراپ ئېھتىرام بىلەن سالام. يېقىندا تومغا
بېگى ۋە قول ئاستىدىكىلەر ئاشلىق ۋە ئۈزۈم ھارىقى يىغىش
ئالاقىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. شۇڭا مەن چاپسان ھەرىكەت
قىلىپ ئاشلىق ۋە ئۈزۈم ھارىقىدىن باج يىغدىم. سىلەر مەندە
قانداق ئالاھىدە بۇيۇم بارمىكىن دەپ ئويلىماڭلار. بۇ يەردە
Feltنى ئۈزۈم ھارىقىدىن 2 مىلىما 15قىغا ئالماشتۇردۇم. سىلەر
دەرھال Pongona, Samigananنىڭ ئۈزۈم ھارىقى بىلەن تە-
مىنلىشڭلار كېرەك، ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋشكە بولمايدۇ. قازناقـتـا
ساقلىنىۋاتقان ئۈزۈم ھارىقىدىن 15 تۆگىگە يۈكلىگۈدەك مىقداردا
تەمىنلىشڭلار كېرەك. ئاپتا توشۇپ بېرەلەيدۇ. ئاپتا 15 تۆگىگە
يۈكلىگۈدەك ئۈزۈم ھارىقىنى توشۇپ كەلمىدى؟ تەمىنلـىـگـەن
بولغىيدىڭلار.

قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ھۆ-
كۈمەت ھۆججەتلىرى ياكى باجغا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈكلەر بىلەن
چەرچەن خانلىقىنىڭ باجغا تايىنىپ ھاكىمىيەتنى يۈرگۈزۈپ كەل-

گەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىر پارچە قارۇشتى پۈتۈكدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئۇلۇغ خاقان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقى، ئايماق بېگى بىموىيا ۋە باج نازارەتچىسى رابىياغا يارلىق: بۇرۇنقىغا ئوخشاش سىلەرنىڭ ئۇ يەردىكى موبويا يەنە تۆت يىللىق باجنى تاپشۇرماي ئىگىلىۋالدى. فاگازامۇ يەنە تۆت تۆگىگە خىيانەت قىلدى. سىلەر بۇ يارلىقنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئالغان ھامان دەرھال ئاشۇ باجلارنى تاجاياغا تاپشۇرۇپ ئاستانىگە يوللاڭلار» دېيىلگەن. يەنە بىر پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن «ئۇلۇغ خاقان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقى، ئايماق بېگى سوجىكاغا يارلىق: بۇرۇنقى يىللارغا ئوخشاش ئاجىيام يېزىسىنىڭ يىللىق بېجىنى سىلەر يىغىسىلەر. 20 يىلدىن بۇيان، بۇ باجنى سەن تاپشۇرماي ئىگىلىۋالدىڭ، بۇ يارلىقنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئالغان ھامان بۇ باجنى تىزىملاپ باجنى ھەم تىزىملىكنى رىپارت ئارقىلىق باجگىرلارغا تاپشۇر، ئۇلار تېزلىكتە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، يوشۇرۇشقا، ئازلىتىشقا بولمايدۇ» دېيىلگەن. بىز يۇقىرىقى پۈتۈكلەردىن خاندانلىقنىڭ مۇكەممەل باج يىغىش فۇنكسىيىسىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز، ئەلۋەتتە. شۇ ۋاقىتتا يەنە باجغا خىيانەت قىلىش، ئارقىغا سۆرەش ھادىسىلىرىنىڭمۇ كۆرۈلگەنلىكىنى بىلىمىز. خاندانلىقنىڭ باج مۇپەتتىشلىك، نازارەت سىستېمىسىنىڭ 20 يىلدىن بۇيان خاندانلىق خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلمىغان باجنى ئېنىقلاپ چىققانلىقى، ئۇلارنىڭ باجنى باشقۇرۇشنىڭ خېلىلا قاتتىقلىقىنى، ئەمما ئايماق بېگىگە خاقانىنىڭ بۇ ئىشتا خېلىلا يۈز - خاتىرە قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئادەتتە باشقا مەنبەلەردە باج ئوغرىلاش ۋە باشقا ئىشلاردا قانۇن بويىچە ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقى ئالاھىدە ئەسكەرتىلىدۇ، لېكىن بۇنىڭدا ئۇنداق جۈملىلەر يوق. يەنە بىر پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

خاقان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقى: ئايماق بېگى سۇجېكاغا تۆۋەندىكىدەك يارلىق: سوجېتو ئاستانىمىزگە مۇنداق ئەرز قىلدى، ئۇ باج نازارەتچىسى، يەنە ئايماقنىڭ پۈتۈكچىسى. ئۇ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سارۋىيا بىلەن چېرىك بولغان. سارۋىيا باشقا قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىمىگەن. سىز بۇ يارلىقنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان بۇ ئىشنى تەپسىلىي تەكشۈرۈڭ، ئۇ ھەقىقەتەن ئىككى خىل ۋەزىپىنى ئىشلىگەنمۇ يوق؟ قانۇن بويىچە ھۆكۈم چىقىرىڭ.

مانا بۇ يارلىقتىن بىر ئادەمنىڭ ئىككى خىل ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ، يۈكىنى ئېغىرلىتىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يارلىق قىلىنغان بولۇپ بىر ئادەمنىڭ باج نازارەتچىسى ھەم ئايماق پۈتۈكچىسى بولسا بولمايدىغانلىقى، جۈملىدىن، بىرلا ئىشنى ئورۇنلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە خاقانىنىڭ يارلىقى بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

7. مىراسخورلۇق قانۇنى: قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەر بىزنى ئەينى دەۋردىكى ئەركىن پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغدىغان، ئەركىن پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتى قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق قوغدالغان بولۇپ مىراسخورلۇق قانۇنى ئەنە شۇ قانۇنىي مەنپەئەتنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن تۈزۈپ ئىجرا قىلىنغان قانۇندۇر. كروران ئېلىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەت قانۇنىدىن دۆلەتنىڭ قانۇنىي دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى ئاشۇ دەۋرنىڭ ئېھتىياجى بولۇشى مۇمكىن. پۈتۈكلەردىن قارىغاندا مىراس ئادەتتە مال - مۈلۈك (يوتقان - كۆرپە قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) تەڭ تەقسىم قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. شۇنىمۇ تەكىتلەش مۇمكىنكى، ئوغۇل - قىز پەرزەنتلەر مىراس ئالدىدا باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ تەڭ تەقسىم قىلىنغان. 474 - نومۇرلۇق پۈتۈكتە خاتىرىلەنگەن ئۇچۇرلار بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزدا ياردىمى بار.

خاقان ئالىيلىرى قاتارلىقلاردىن:

Suwethaبىموچىنانىڭ ئىلتىماس قىلىشىچە ھازىرقى يافۇ كەنتىدىكى Kilmepi يابوجىنىڭ سىڭلىسى بولۇپ نامى كەتبو ئىدى. دېكۈن مەھەللىسىدىكىKilmepi Sramamna؟ سېڭگا بورو خوتۇنلۇققا ئالغان. ئەمما mukesi ئالمىغان، Lote مۇ ئالمىغان. بۇ ئالاقىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەرگە تېگىشى قانۇنلۇق بولۇپ قانۇنىي رەسمىيەتنى بېجىرىپ باشقىلار نىكاھىغا ئالغان بولسا مىراس ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە تەڭ بۆلۈپ بېرىلىشى كېرەك. ئەگەر Lote , mukesiرەسمىيەتلىرىنى بېجىرمىگەن بولسا بۇ يەردە ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ.

كروران ئېلىدىن قالغان يازما پۈتۈكلەر ئىچىدە قانۇنىي ۋەسىقىلەر زور سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ، 1، 6، 17، 24، 29، 164، 31، 49، 53، 63، 68، 90، 124، 128، 134، 144، 186، 187، 204، 209، 216، 243، 271، 297، 308، 312، 322، 325، 326، 331، 339، 345، 352، 356، 358، 386، 400، 420، 423، 436، 462، 471، 480، 481، 506، 507، 517، 518، 520، 524، 532، 540، 545، 548، 554، 568، 570، 636، 638، 643، 676، 709،

719، 729 ـ نومۇرلۇق ۋەسىقىلەر بىزنى ئەينى دەۋر قانۇن ـ تۈزۈملىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

كروران جەمئىيىتىدە بالا بېقىۋېلىش رەسمىيىتى ھەرقانداق جەمئىيەتتە بالا بېقىۋېلىش ئىشلىرى نورمال ئەھۋال بولۇپ شەرت ـ شارائىتلىرى ئوخشاشمايدۇ. كروران جەمئىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس بالا بېقىۋېلىش رەسمىيەتلىرى بار، بىز بۇلارنى قارۇشتى يېزىقىدىكى ئاشۇ پۈتۈكلەردىن كۆرۈۋالالايمىز. ئەينى دەۋر پۈتۈكلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە كروران ئېلىدە مەخسۇس ئادەت قانۇنى تۈسىنى ئالغان بولۇپ، بالا بېقىۋالغۇچى تەرەپ چوقۇم «سۈت ھەققى» تاپشۇرۇشى لازىم، بەزىلەر بۇ سۈت ھەققىنى بالا ساتقانلىق دەپ كۆپتۈرىدۇ، ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس. ئەينى ۋاقىتتىكى كروران قانۇنىدا ھەتتا قۇللارنىڭ بالىلىرىنىمۇ سۈت ھەققى بېرىش ئارقىلىق بېقىۋېلىشقا بولىدىغانلىقى، سۈت ھەققى بېرىلمەي بېقىۋېلىنسا قانۇنسىز بولۇپ ئىناۋەتكە ئېلىنمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. 331 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە بىرەيلەن يەنە بىرىنىڭ قىزىنى سۈت ھەققىگە بىر ئات بېرىپ بېقىۋالغان بولۇپ ئاخىرىدا ئىككى تەرەپ كېلىشىپ مۇنداق قارارغا كەلگەن «بېقىۋالغۇچى ۋەدە قىلىدۇكى بۇ قىزنى ساتمايدۇ، گۆرۈگە قويۇشقا، ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىشقا، خارلاشقا بولمايدۇ. ئۆزى تاپقان بالىلىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ» دېيىلگەن. 569 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتىمۇ خاقان ماھىرى سەلتەنەتىنىڭ 13 ـ يىلىدىكى ۋەقە خاتىرىلەنگەن بولۇپ يۇقىرىقىغا ئوخشىشىدىغان بېقىۋېلىش مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بىرى بىر تۆگە سۈت ھەققى بېرىش ئارقىلىق بىر ئوغۇلنى بېقىۋالغان، كېيىن بېقىۋېلىشقا بەرگۈچى ئېلىپ كەتكەن بولۇپ دەۋاغا چۈشكەن، ئەينى ۋاقىتتىكى سوت ئېنىقلاش ئارقىلىق بېقىۋالغۇچى جىنتونىڭ بىر تۆگە سۈت ھەققى بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ بېقىۋېلىشى داۋاملىق كۈچكە ئىگە بولغان، بىراق «بۇ بالىنى قۇل قىلىشقا، سېتىشقا، گۆرۈگە قويۇشقا بولمايدىغانلىقى» ئەسكەرتىلگەن. بالا بېقىۋېلىش ھەققى تۆلەم توغرۇلۇق خاقان يارلىقى خاتىرىلەنگەن 11 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە ئەنە شۇنداق بالا بېقىۋېلىش ماجىراسى كېلىپ چىققاندا، شۇنداق يارلىق قىلىدۇ: «ئەزەلدىن بار بولغان قانۇن بويىچە بالا بېقىۋالغانلىقنى تەن ئالسا بېقىۋېلىش ھەققى تۆلىشى كېرەك، ھۆكۈم شۇ بويىچە چىقىرىلسۇن، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا...» دېيىلگەن، بىز مانا بۇلاردىن كروراندا ناھايىتى قەدىمدىنلا بالا بېقىۋالسا سۈت ھەققى تۆلەيدىغان ئەنئەنىۋى قانۇن ياكى ئەنئەنە بولۇپ شەكىللەنگەن ئادەتنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز.

## كروراندا گۇۋاھچىلىق

كروران ئېلى دائىرىسىدىن بايقالغان پۈتۈكلەردىن مەلۇم بولۇشىچە كروران ئېلى قانۇنچىلىقى قانۇننىڭ ئادىل ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن قانۇنىنى، ئۆلچەم، پاكىتنى ئاساس قىلغان. شۇ سەۋەبلىك ھەر قانداق بىر ئىشتا گۇۋاھچىلىقنىڭ ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغان. ۋەسىقىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە يارلىقلاردا تەپسىلىي تەكشۈرۈش، گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئېلىش قاتارلىق ئىشلار ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن. ۋەسىقىلەردىن قارىغاندا كېيىنكى ئاۋارىگەرچىلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆپىنچە گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقى، ئۇلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىلىرى ئېنىق يېزىپ قالدۇرۇلغان. گۇۋاھچىلار قانۇن ئالدىدا يەنى سوتتا گۇۋاھلىق قەسىمى بەرگەن. يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر قانۇنىي جازاغا ئۇچرىغان. قارۇشتى يېزىقىدىكى بۇ پۈتۈكلەر بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى توختامنامىلەردە كۆرۈلىدىغان تانۇقلار بۇخىل توختامنامە ۋارىسچانلىقىنىڭ داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنىڭ ئۇچۇرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئالدى ـ بەردى، سودا ـ تىجارەتلەرنىڭ ھەممىسىدە تانۇقلارنىڭ ئىسمى پۈتۈلگەن، ھەتتا مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ يارلىقى بىلەن يېزىلغانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ تانۇقلار ۋە توختامنامىنى پۈتكۈچىلەرنىڭ ئىسىم زاتىمۇ قوشۇپ پۈتۈلگەن.

بىز يۇقىرىقى پاكىتلاردىن كروران ئېلىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى قانۇن ئارقىلىق يۈرگۈزۈپ كەلگەنلىكىنى، قانۇننىڭ ئەينى دەۋر كروران جەمئىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز، تېپىلغان ماتېرىياللارنىڭ كەمچىللىكى تۈپەيلى كروران ئېلىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى ھەققىدە تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان چۈشەنچىلەرگە ئېرىشەلمىگەن بولساقمۇ دەسلەپكى چۈشەنچىلەرگە ئېرىشەلەيمىز. ناۋادا قارۇشتى يېزىقىدىكى كروران ئېلى پۈتۈكلىرىنى مۇپەسسەل، تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلىگەن بولساق، ئۇ چاغدا بىلىدىغانلىرىمىز تېخىمۇ كۆپەيگەن بولاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۆز چۈشەنچىلىرىم ئاساسىدا يېزىپ چىقتىم، كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

(ئاپتور: چاقىلىق ناھىيىلىك تېلېگراف ئىدارىسىدە)

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# «ھازىرقى زامان كىيىنىش ئادەتلىرىمىزدىكى بەزى نۇقسانلار» غا تولۇقلىما



مۇھەممەد رېھىم ھاجى تۇرسۇن نەۋرۇزى

2004 . 3

«مىراس» «مەملىكەتلىك 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سىپىگە كىرگەن ژۇرنال»، «شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال» قاتارلىق شان - شەرەپلەرگە ئېرىشكەن مۆتىۋەر ژۇرناللاردىن بولغاچقا، مەن ئۇنى ئەڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن، ئېسىل ژۇرناللارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئېتىبار تەكچەمگە تىزىپ، ئىخلاس قويۇپ ساقلايمەن.

يېقىندا بۇ ژۇرنالنىڭ 2003 - يىللىق 3 - سانىنى قىزىقىش بىلەن كۆرۈپ، ئۇنىڭ «گۈزەللىك ئوندۇر، توققۇزى تونۇر» سەھىپىسىگە بېسىلغان ئابدۇشۈكۈر كېرەم كۆكىنىڭ «ھازىرقى زامان كىيىنىش ئادەتلىرىمىزدىكى بەزى نۇقسانلار» ناملىق ماقالىسىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقتىم. ماقالە ناھايىتى ئۆتكۈر پىكىرلەر بىلەن ئەنئەنىۋى ياش كىيىمنىڭ ئىنسان گۈزەللىكىنى نامايان قىلىشتىكى مىللىي خاسلىقىنى ئىلمىي شەرھلىگەن، مەن مەزكۇر ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى بايانلارغا ئۆزۈمنىڭ بىلگەنلىرىنى قىسقىچە تولۇقلىما قىلىپ ئۆتىمەن.

مەزكۇر ماقالىنىڭ «دوپپا كىيىشتىكى نۇقسانلار» بۆلىكىدە «دوپپا ئىجاد قىلىنىشتىن تارتىپ، دوپپىنى قانداق تىكىش، نەقىشلەرنى قانداق قوندۇرۇش، دوپپىنى قانداق كىيىشكىچە ئۆزگىچە بىر گۈزەل مىللىي سەنئەت... بادام دوپپىنىڭ جىيەك قىسمىغا تەكرار يېرىم يۇملاق نەقىش، تۆت تەرەپكە تۆت تال بادام، بادامنىڭ قورساق تەرىپىگە چاپلاشقان ئىككى تال كىچىك يېرىم يۇملاق نەقىش چىقىرىلىدۇ» دېيىلگەن. ئاپتور بۇ يەردە دوپپىچىلىق ھۈنىرىدىكى كەسپىي ئاتالغۇغا سەل قاراپ، ئۇنى نەقىشگەرلىكتىكى كەسپىي ئاتالغۇ بىلەن يۇغۇرۇپ ئېستېتىك مىللىي خاسلىققا شۇڭغىغان. قەشقەردە دوپپىچىلىق ئەڭ بازار تاپقان بولۇپ، يېزىلاردا قېرى - ياش دوپپا كىيىش ئادىتى بار. دوپپىنى ئاساسەن قىز - چوكانلار تىكىدۇ. قىزلار قىزىل تاشكەنت دوپپا، چىمەن دوپپا، چۆچۈرە بادام تىكسە، چوكانلار تور بادام تىكىدۇ. چۈنكى تور بادام تىكىش دوپپا تىكىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، بىر دوپپا چېۋەر ئۇستىنىڭ قولىدا پۈتۈپ ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ بېشىغا يارىشىملىق قونغۇچە، بىر پۈتۈن ئېستېتىك پرىنسىپ بويىچە ھۈنەر قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

1. كېسىش - دوپپىلىق ئۈچۈن ئالايىتەن تەييارلانغان يىپەك گەزمالنى ئەندىز قويۇپ كىزەك، تۆپەلەرنى كېسىدۇ. تۆپە چوقۇم پۈتۈن كېسىلىدۇ، ئۇلاق كىزەككە كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇلاقلار سىلىق ئۇلىنىدۇ.

2. گۈل سىزىش - كىزەك ۋە تۆپىلەرگە ئەستەر چاپلاپ (شىلىم بىلەن)، ئاندىن يۈزىگە ئەندىز «ياڭ - ئەندىزە»، قېلىپ. ھەرقانداق نەرسىنىڭ پىچىمى شۇنىڭغا ئاساسەن ئۆلچىنىپ ياسىلىدۇ. بۆرك ياڭى - بۆك ئەندىزىسى. بۇ مۇنداق بولىدۇ: قەغەز قانات شەكلىدە ياكى ئۈچبۇرجەك قىلىپ كېسىلىدۇ ياكى ئويۇلىدۇ، ياكى لايدىن

يۇمىلاق تونۇر شەكلىدە بىر قىلىپ ياسىلىدۇ، بۆكنىڭ يېپەك رەختى شۇنىڭغا ئۆلچىنىپ كېسىلىدۇ. ھەرقانداق نەرسىنىڭ قېلىپىمۇ شۇنداقتۇر». («تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 ـ توم، 494 ـ بەت) قويۇپ گۈل سىزىدۇ.

3. گۈلنى تىكىش ـ يىپەك يىپنى قولنى پاكىز يۇيۇپ ئېشىدۇ، ئەڭ كىچىك دوپپا يىڭنىسىنى تاللايدۇ، ئاندىن سىزىلغان گۈل ئەندىزىسى بويىچە گۈل تىكىشكە باشلايدۇ.

4. پىلتە لوخشۇق قىلىش ـگۈلى تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن گۈل ئەستىرىنى سۆكۈپ ئېلىۋېتىپ، قىزىل (چوقۇم قىزىل رەڭلىك پاختا گەزمال بولۇشى كېرەك) گەزمال بىلەن قايتىدىن ئەستەرلەپ لوخشۇيدۇ، ئاندىن قەغەزنى چىمچىلاق كەڭلىكتە، غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا كېسىپ، پىلتە (ئىنچىكە سىمدىن ياسالغان)گە ئاۋايلاپ تەكشى يۆگەپ، لوخشۇق ئارىلىرىغا ئۆتكۈزىدۇ، بۇنى پىلتە لوخشۇق قىلىش دەيدۇ.

5. قوندۇرۇش ـپىلتە لوخشۇقتىن چىققان گۈلنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزدىن كۆچۈرۈپ، لەيلەپ قالغان يىپلارنى، كۆتۈرۈلۈپ قالغان ۋە چىقىۋالغان لوخشۇق قەغەزلەرنى قايچا بىلەن كېسىپ ئېلىۋېتىدۇ، ئاندىن تۆپە بىلەن كىزەكنى ئىخلاس بىلەن تىكىپ دوپپا ھالىتىگە كەلتۈرىدۇ، ئارقىدىن كىزەككە جىيەك تۇتىدۇ.

6. كىرنى ئېلىش—پۈتكەن دوپپىنى ئۆرۈپ گۈلنى ئىچىگە، ئەستىرىنى تېشىغا قىلىپ قازان ھالىتىگە كەلگەندە، ھورنانىنىڭ مېغىزلىق يېرىنى تەكشى قىلىپ ئاۋايلاپ گۈلىگە ئىشقايدۇ. ئۇيغۇر قىز ـچوكانلىرى دوپپا تىككەندە پاكىزلىققا، بولۇپمۇ قول بارماقلىرىنىڭ پاكىزلىقىغا ئېتىبار بەرسىمۇ، يەنىلا گۈلنىڭ تىكىلىش جەريانى ئۇزۇن، باشقا قىلىدىغان ئىشلىرى كۆپ بولغانلىقتىن، گۈل ھامان ئازراق كىر بولىدۇ، بۇ كىرنى يۇقىرىقىدەك ئۇسۇلدا پاكىزلايدۇ.

7. قېلىپلاش—دوپپا كېسىلگەندىمۇ ئۆلچەم بويىچە كېسىلىدۇ، قېلىپلىغاندىمۇ شۇ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كېلىدىغان قېلىپقا سالىدۇ. قېلىپقا سېلىشتىن بۇرۇن قۇمشېكەر بىلەن قېنىق تەڭشەلگەن ئىلمان داغ چاينى ئاغزىغا ئېلىپ، دوپپىنىڭ ئەستىرىگە تەكشى ھاۋا (پۈركۈيدۇ) قىلىدۇ. دوپپىنىڭ ھاۋىسى كەلگەندە مۇۋاپىق قېلىپقا سېلىپ، ئاندىن دوپپىنىڭ تۆت قىرنى چىقىرىدۇ. كوۋا ياكى كىچىك بولقا بىلەن قېلىپتىكى دوپپىنىڭ يۈزىگە گۈل ۋە لوخشۇق بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ كەتكۈدەك تەكشى، يەڭگىل ئۇرۇپ، چىرايلىق ھالەتكە ئەكېلىدۇ. دوپپىنىڭ ئەرزان، قىممەتلىكنى تىكىلگەن گۈل، قوندۇرۇشى، گەزمىلى

بەلگىلەيدۇ.

گېپىمىزگە كەلسەك، «نەقىشلەرنى قانداق قوندۇرۇش» دېيىلىشى دۇرۇس بولمىغان. «نەقىش» مىمارچىلىقتىكى نۇسخىلىق ئويمىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تىغ بىلەن قىلىنىدىغان ھۈنەر. ئۇنىڭ ئۇستىگە «قوندۇرۇش» دوپپىچىلىقتىكى خاس ئىسىم، شۇڭا بۇنى «گۈلنى قانداق تىكىش» دەيمىز. ئاپتۇر «جىيەك نەقشى»نى «كىزەك گۈلى» ياكى «جىيەك گۈلى» دېسە دۇرۇس بولۇرئىدى.

ماقالىنىڭ «ئاياللارنىڭ زىبۇزىننەت سېلىشىدىكى نۇقسانلار» بۆلىكىدە: «كۆرسەتكۈچ بارماققا ئۈزۈك سالسا غەلىتە، ئوتتۇرا بارماققا ئۈزۈك سالسا، ياغاچقا ئۈزۈك سالغاندەك كۆرۈنىدۇ... يەنە نامسىز بارماق بىلەن چەپ بارماققا ئۈزۈك سېلىشمۇ مۇۋاپىق ئەمەس» دېيىلگەن. بۇ بارماقلارنىڭ قەدىمدىن بۇيان خاس ئىسمى بار ئىدى. بۇنى بىز، سىز، ئۇلار دېمىسە، ئۇنتۇلۇپ كېتىپ ھازىرقىدەك ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «چىچالاق ـ چىچناق ـ چىمچىلاق»، «چىچامۇق، ئاتسىز بارماق، ئۈزۈك سالىدىغان بارماق»، «سۇڭ ئەرىڭەك ـ كۆرسەتكۈچ بارماق، بىگىز قول. بۇ بارماق ھىرىس بولىدۇ، چۈنكى تاماققا ھەممىدىن بۇرۇن مۇشۇ قول ئۇزىتىلىدۇ.» («تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 634 ـ بەت، 3 ـ توم، 179 ـ بەتلەرگە قارالسۇن) دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. شۇڭا ئەتىۋارلىق قول بارماقلىرىمىزنى ئەجدادلىرىمىز كېلىشتۈرۈپ قويغان، بىزنى ئۇنتۇمىسۇن، دەپ خاتىرىلىگەن خاس ئىسىملىرى بىلەن ئاتىشىمىز، كەلسە ـ كەلمەس ئاتىماسلىقىمىز لازىم. مېنىڭچە ئاپتور «كۆرسەتكۈچ بارماق ياكى بىگىز قول» دېيىشى، «نامسىز بارماق» دېمەستىن «ئىچچامۇق» دېيىشى، «چەپ بارماق» دېمەستىن «چىچناق ـ چىمچىلاق» دېسە تېخىمۇ ياخشى بولار ئىدى. بۇ ئىسىملار خاس بولۇپ ئەجدادلىرىمىز مۇشۇنداق ئىشلەتكەن، بىزمۇ شۇنداق ئىشلەتسەك. بىلمىسەك ئۆگىنىشىمىز، بىلسەك ئۆگىتىشىمىز، ئۇنتۇلغان بولسا ئەسلىشىمىز، ئۇنتۇلمىغان بولسا تەكرارلىشىمىز بىزنىڭ قەرزىمىز ھەم پەرزىمىزدۇر.

«ئىنسان ئىككى خىل بولۇر، بىرى ئۆگەتكۈچى، بىرى ئۆگەنگۈچى» (يۈسۈپ خاس ھاجىپ) بىز مۇشۇ ئىنساننىڭ بىرى بولساق، ئەۋلادلارغا يۈز كېلەلەيمىز.

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدىن، پروفېسسور، ماگىستىر ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى

www.uyghurkitap.com

# پەرزەنت تەربىيىسىدىكى 30 ئۇسۇل



ئىبن قۇدامە ئەل مەقدىسىي مۇنداق دەيدۇ: بالا ۋايىغا يېتىپ ئۇنىڭدا پىكىر قىلىش ئالامەتلىرى نامايان بولسا، ئۇنى ياخشى كۆزىتىش ۋە ئەھۋالىنى ئۆگىنىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى بالىنىڭ قەلبى تازا ۋە ساددا بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق نەرسىنى قوبۇل قىلىشقا تەيياردۇر. ئەگەر ياخشىلىققا ئادەتلەندۈرۈلسە، ياخشىلىق بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. بۇنىڭ ياخشىلىقى ئاتا ـ ئانا ۋە تەربىيە بەرگۈچىلەرگە بولىدۇ. ئەگەر يامانلىققا ئادەتلەنسە، يامانلىق بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. بۇنىڭ جاۋابكارلىقى ئاتا ـ ئانا ۋە يېقىنلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىنى ئاسراش، تەربىيىلەش، يامانلىقلاردىن پاك تۇتۇپ، ياخشى ئەخلاقلارنى ئۆگىتىش لازىمدۇر.

بىز تۆۋەندە بالىلارغا بېرىلىشى كېرەك بولغان بەزى ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۇسۇللىرىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز.

1. بالىلار كۆپ ھاللاردا ئاش ـ تاماققا ئاچكۆز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا تائامغا مۇناسىۋەتلىك ئەدەپلەرنى ئۆگىتىش لازىم. بالىلار تائامنى ئوڭ قولى بىلەن يېيىشى، ئۆزىنىڭ ئالدىدىن ئېلىشى، باشقىلاردىن بۇرۇن تائامغا قول سۇزماسلىقى لازىم.

2. بالىلار تائام يېيىشتە ئالدىراقسانلىق قىلماسلىقى، تۆكۈپ ـ چاچماسلىقى، تائامنى ياخشى چاينىشى، قولىنى كىيىمگە سۈرتۈپ داغ قىلماسلىقى كېرەك.

3. بەزىدە بالىلارنى قۇرۇق نان يېيىشكە ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. چۈنكى ئۇلار ناننى چوقۇم بىرەر نەرسە بىلەن يېيىش كېرەك دەپ ئويلاپ قالىدىغان بولۇپ قالمىسۇن. چۈنكى ھاياتتا نانغا قوشۇپ يەيدىغان بىرەر نەرسە تېپىلمايدىغان ھالەتلەرمۇ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

4. بالىلارغا تائام يېيىشتە باشقىلارغا ئەگەشمەسلىكنى، تائامغا ھېرىسمەن بولماسلىقنى، تاتلىق تائاملارغا ئۆگىنىپ قالماسلىقنى ئۆگىتىش كېرەك.

5. بالىلارنىڭ كىيىمى ئاق ۋە ئاددىي بولغىنى ياخشى. بەك رەڭدار ياكى ھەشەمەتلىك بولۇپ كەتسە، بالىلارنىڭ خاراكتېرى جەھەتتە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە





تەسىر كۆرسىتىدۇ.

6. باللارغا بەك ئۇزۇن كىيىملەرنى كىيگۈزمەسلىك كېرەك. بۇ باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

7. باللارغا بەك قىممەت پۇللۇق كىيىملەرنى كىيگۈزۈشتىن، بەك پاراۋان، دەبدەبىلىك ياشاش ئادىتىنى يۇقتۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك.

8. باللارنى مەكتەپ دەرسلىرىدىن تاشقىرى ئۆيدە ئىلىملىك كىشىلەرنىڭ سۆھبەتلىرى، ئىبرەتلىك ھېكايىلەرنى ئاڭلاشقا، ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش، ئۇلارغا ئەگىشىشكە ئادەتلەندۈرۈش كېرەك.

9. تەنتەك، مەسخىرىۋاز، ھەزىلكەش كىشىلەردىن باللارنى يىراق تۇتۇش كېرەك. چۈنكى، ئۇنداقلار باللارنىڭ قەلبىگە پىتنە ـ پاسات ئۇرۇقىنى تېرىيدۇ.

10. باللارنى ھۆسن خەت، مەسىل ۋە باشقا پايدىلىق نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە ئادەتلەندۈرۈش كېرەك.

11. ئەگەر بالىدا چىرايلىق پېئىل، ياخشى خۇلق نامايان بولسا، ئۇنى سۆيۈندۈرىدىغان نەرسىلەر بىلەن مۇكاپاتلاپ، كىشىلەر ئالدىدا ئۇنى ماختاپ قويۇش كېرەك. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە بىرەر قېتىم يامان خۇلق سادىر بولۇپ قالسا، بۇنى بىلمىگەنگە سېلىپ كىشىلەر ئالدىدا ئەيىبلىمەسلىك كېرەك.

12. بالا ئەگەر يامان ئادىتىنى يەنە تەكرارلىسا، ئۇنىڭغا ئايرىم تەربىيە بېرىش، بۇنداق قىلىشنىڭ يامان ئادەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش ۋە بۇنداق يامان قىلىقنى باشقىلار كۆرۈپ قالسا، ئادەمنىڭ شەرمەندە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك. لېكىن ئارتۇقچە دەشنام بەرمەسلىك كېرەك، بولمىسا كېيىن گەپ تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

13. ئاتا ئۆزىنىڭ بالىغا بولغان سۆزىنىڭ ھەيۋىتىنى ساقلىشى، بالىنى يامان ئىش قىلغاندا ئارىلاپ ئەدەپلەپ قويۇشى، ئانا بالىنى ئاتىسىنىڭ ھەيۋىسى بىلەن يامان ئىشلاردىن قايتۇرۇپ تىزگىنلەپ تۇرۇشى، ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى لازىملىقىنى جېكىلەپ تۇرۇشى لازىم.

14. بالىنى بۇرۇن ئۇخلاپ، بۇرۇن تۇرۇشقا ئادەتلەندۈرۈش ۋە بۇ ئادەتنىڭ ئىنساننىڭ ئۇنۇملۇك ھايات كەچۈرۈشىگە ياردىمى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك.

15. باللارنىڭ تېنىنىڭ ساغلام، يەڭگىل بولۇشى، ئېغىر كۈنلەردە چىداملىق بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى بەك يۇمشاق ئورۇندا يېتىشقا ئادەتلەندۈرمەسلىك كېرەك. يەپ ـ ئىچىش، كىيىم ـ كېچەك ۋە يېتىپ ـ قوپۇشتا باللارنى ئاددىي ـ ساددا بولۇشقا ئۆگىتىش كېرەك.

16. باللارنى يوشۇرۇن ئىش قىلىشتىن توسۇش كېرەك. چۈنكى باللار كۆپ ھاللاردا يامان ئىشلارنى يوشۇرۇن قىلىدۇ. بۇ باللارنىڭ يامان ئىش قىلىشقا ئۆگىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

17. باللارنى كۈندۈزى مەلۇم ۋاقىتتا ھەرىكەت قىلىش، چېنىقىشقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا باللارنىڭ ھورۇن بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



18. باللارنى يول يۈرگەندە ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق، قولنى ئارقىسىغا قىلىپ تەكەببۇر كىشىلەرگە ئوخشاش قىلىقلارنى ۋە ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىققا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك.

19. باللارنى ئۆزىنىڭ تەڭقۇرلىرى ۋە دوستلىرى ئالدىدا دادىسىنىڭ مەرتىۋە، شۇنداقلا نەرسىلىرى بىلەن، تائام ياكى كىيىم ـ كېچەك كەبى نەرسىلەر بىلەن ماختىنىشتىن توسۇش، ئۇلارنى ئاددىي بولۇشقا، دوستلىرى بىلەن ئىززەتلىك، مۇلايىم بولۇشقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك.

20. باللارنىڭ باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىۋېلىشتىن توسۇش كېرەك. ئۇلارغا بۇنداق قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى، ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى پەسلەشتۈرۈش بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇنىڭ تەمەخورلۇقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولىدىغانلىقىنى، تەمەخورلۇقنىڭ ئادەمنى خارلىققا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك.

21. باللاردا ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئومۇمەن پۇلنى قوغلىشىش ۋە ئۇنى تەمە قىلىش خاھىشىنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

22. باللارنى سورۇنلاردا، باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۈكۈرمەسلىككە، بۇرنىنى كولىماسلىققا، باشقىلارغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرماسلىققا ۋە كۆپ ئەسنىمەسلىككە ئادەتلەندۈرۈش كېرەك.

23. باللارغا سورۇنلاردا ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنى ئۆگىتىش كېرەك.

24. باللارنى كۆپ سۆزلەشتىن توسۇش، بۇنىڭ ئۇياتسىزلىق بولىدىغانلىقىنى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈش كېرەك.

25. باللارنى ئادەتلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن كىچىكىدىن باشلاپ مەيلى راست ياكى يالغان بولسۇن قەسەم ئىچىش قاتارلىق يامان ئىشلاردىن توسۇش كېرەك.

26. باللارنى مەنىسىز، بىھايا سۆزلەرنى قىلىش، باشقىلارنى لەنەتلەش ۋە ھاقارەتلەشتىن توسۇش كېرەك. ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق كىشىلەرگە ئارىلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. باللارنى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق چوڭ قىلىشنىڭ ئاساسى ئۇلارنى يامانلارغا يېقىنلاشتۇرماسلىقتۇر.

27. باللارغا يۈرەكلىك بولۇش، قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشنى ئۆگىتىش كېرەك. باللاردا بۇنداق سۈپەتلەر نامايان بولسا، ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. نەتىجىدە باللار شۇنىڭغا ئادەتلىنىدۇ.

28. باللارغا تەلىم ـ تەربىيە بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق ئوينىشىغىمۇ ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش كېرەك، بۇنىڭ زىيىنى يوق.

29. باللارنى يالغان سۆزلەشتىن ۋە خىيانەتلىك ئىشلارنى قىلىشتىن قورقۇتۇش كېرەك.

30. باللارغا ئاتا ـ ئانا، ئۇستاز ۋە ئۆزىدىن چوڭ بولغان ھەرقانداق كىشىلەرگە ئىتائەت قىلىشنى، ئۇلارغا ئىززەت ـ ئىكرام، ھۆرمەت كۆزى بىلەن قاراشنى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى ئۆگىتىش كېرەك.

يۇقىرىقى ئەدەپلەر ھازىر ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ۋە بالاغەت يېشىغا توشمىغان باللارغا تەئەللۇقتۇر.

تەييارلىغۇچى: ئەزىزى

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد



2004.3

# ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى بويىچە چەرچەن ۋە كېرىيە كىشى ئىسىملىرىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات

تۇرسۇن قۇربان تۈركەش

بىزدە فامىلە قوللىنىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىكەن، ئەلۋەتتە جەمئىيەت تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. جەمئىيەت تەكشۈرۈپ خەلقنىڭ رايىنى سىناش، بۇ ھەقتىكى بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا ئېرىشىش، فامىلە قوللىنىش ئىشىنى پۈتۈن ئاۋام دائىرىسىدە ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ شارائىتلىرىنى ئىگىلەش، فامىلىنى قولايلىق ۋە پايدىلىق بولغان مەدەنىيەت ھادىسىسىگە ئايلاندۇرۇش، ئاخىرىدا بۇنىڭدىن سىستېمىلىق بىر نەزەرىيە شەكىللەندۈرۈپ لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئاخىرىدا ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت، تەدبىر بەلگىلىشىگە ئاساس يارىتىش — خەلق ئىچىدىكى ئەمەلىي تەكشۈرۈشتىن باشلىنىشى كېرەك. بۇ ئابستراكت، نەزەرىيىۋى ئىلىملەرنى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالايدىغان (فامىلە تاۋار ماركىسىغا ئايلىنىشىمۇ مۇمكىن) خەلققە، جەمئىيەتكە پايدىلىق ئەمەلىي نەرسىگە ئايلاندۇرۇشتەك گۇمانىتار پەنلەر تەتقىقاتىنىڭ نۆۋەتتىكى تەلىپىگىمۇ ئۇيغۇن.

بىز مۇشۇ مەقسەتتە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 98 ـ 2 ـ سىنىپتىكى 15 نەپەر ئوقۇغۇچى بىلەن 2003 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چەرچەن، كېرىيە ناھىيىلىرىدە 20 كۈن جاپالىق ۋە مول مەزمۇنلۇق ئىلمىي تەكشۈرۈشتە بولدۇق. بىز بۇ قېتىم چەرچەننىڭ ئارال، چوڭكۆل، توغراقلىق، يېڭىئۆستەڭ، باغئېرىق، ئاقتىكەندۆڭ، تاتىراڭ يېزىلىرىدا، شەھەر ئىچى ۋە يېزا ـ ناھىيە بازارلىرىدا؛ كېرىيىنىڭ قاراقى، لايسۇ، ئارال، شىۋۇل، مۇغاللا يېزىلىرى ھەم شەھەر ئىچى، يېزا ـ ناھىيە بازارلىرىدا نۇقتىلىق تەكشۈرۈش، راي سىناش، كونا ئارخىپلاردىن پايدىلىنىش، باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە بېرىپ سۆھبەتلىشىش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئىككى ناھىيىدە نەچچە مىڭ ئائىلە ۋە نەچچە ئون مىڭ كىشىنى زىيارەت قىلدۇق. بولۇپمۇ چەرچەن ناھىيىسىدىكى تەكشۈرۈشىمىز مەرىپەتپەرۋەر ھاكىم مۇختەر ئەپەندىنىڭ ھەر جەھەتتىكى غەمخورلۇقى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

بىز تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۇيغۇر ئىسىم ـ لەقەملىرىنىڭ ئۆزگىرىشچان، تازا قېلىپلاشمىغان، تەكرارلىقلار كۆپ بىر سىستېما ئىكەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ لەقەمنى فامىلە قىلىپ قوللانغانلىقىنى، خېلى كۆپ كىشىنىڭ لەقىمىنىڭ مەنىسى ۋە ئۈچ ئەۋلادتىن ئىلگىرىكى ئائىلە نەسەبىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، لەقەمسىز ئەر ـ ئايالنىڭ يوقلۇقىنى، بەزى كەنتلەرنىڭ بىر ـ ئىككى جەمەتتىنلا تەشكىل تېپىپ، كەنت ئىسمىنىڭ شۇ جەمەت لەقىمى بىلەنلا ئاتىلىدىغانلىقىنى، ئايال تەرەپ لەقىمىنىڭ مەلۇم تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە ئىسىم ـ لەقەم ئۆزگەرتىشتەك ئىجتىمائىي ھادىسىنىڭمۇ بارلىقىدەك خىلمۇخىل ھادىسىلەرنى بايقىدۇق. بىز بۇ قېتىمقى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ (خەنزۇچە يېزىلىشىنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ) فامىلە قوللىنىشنىڭ تەخىرسىز، ئەمما قىيىن خىزمەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. تەكشۈرۈش جەريانىدا ئېرىشكەن ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىدا ئارقىلىق ئىخچام كۆرسىتىمەن.

**1. ئىككى ناھىيىنىڭ ئىسىم ـ لەقەم جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى**

1) ھەر ئىككى ناھىيىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە باغۋەنچىلىككە ئائىت ئىسىم ـ لەقەملەر كۆپرەك.

2) بەزى جەمەت لەقەملىرى ئىككى ناھىيىگە ئورتاق. سەۋەبى بۇلارنىڭ جۇغراپىيە جەھەتتىن يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسىم مەدەنىيەت بەلۋېغىغا جايلاشقان، ئېتنىك كېلىپ چىقىشى بىر خەلق ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

3) «مەت» (مۇھەممەت)لىك قوش تەركىبلىك ئىسىملار چەرچەندە ئاز، كېرىيىدە كۆپرەك.

4) ھەر ئىككى ناھىيىدە شۇ يەردىلا ئۇچرايدىغان بەزى «يەرلىك» ئىسىم ـ لەقەملەر بار.

5) ھەر ئىككى ناھىيىدە خېلى كۆپ كىشىلەر ئەجدادى ۋە لەقىمگە چوقۇنىدۇ. شۇڭا سەلبىي مەنىدە بولسىمۇ، ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان لەقەملەرنى فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىشنى خالايدۇ.

6) ئۇلار 1980 ـ يىللاردىن كېيىن لەقەمنى فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەن.

7) 1980 ـ يىللاردىن كېيىن تۇغۇلغان بالىلارغا تاق تەركىبلىك، ئۇيغۇرچە ياكى زامانغا لايىق ئىسىملار قويۇلغان.

2. ئىسىملارنىڭ سانلىق ئۇچۇرى ۋە تۈرى

تولۇقسىز تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى، ئىككى ناھىيىدىكى يەككە ئىسىم جەمئىي 600 ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ بىز چەرچەن ۋە كېرىيىدە تەكشۈرگەن تەخمىنەن 7000 ئائىلىدىكى 30 مىڭ نوپۇس ئىچىدىن ئايرىپ چىقىلغان. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، يۇقىرىقى ساندىكى يەككە ئىسىم ئىككى ناھىيىدىكى تەخمىنەن 80 مىڭ (1993 ـ يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە كېرىيە نوپۇسى 210 مىڭ بولۇپ% 98 ئۇيغۇر، چەرچەن نوپۇسى 46 مىڭ 349 بولۇپ، بۇنىڭ 39 مىڭ 920 سى ئۇيغۇر، دەپ كۆرسىتىلگەن) ئەتراپىدىكى كىشىنىڭ ئات ـ ئىسمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، مۇشۇ نىسبەت بويىچە سۈندۇرغاندا ھەر 120 ئادەم بىر ئىسىم بىلەن ئاتالغان. بۇنىڭدىن بىزدىكى ئىسىم ـ ئات نامراتلىقىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

تەكشۈرۈشىمىزدىن قارىغاندا، چەرچەندىكى 5500 نوپۇسقا ئىگە چوڭكۆل يېزىسىدا ئابدۇۋېلى ئىسىملىك 35 كىشى، ئايشەمخان ئىسىملىك 40 ئايال، ئەمەر ئىسىملىك 40 ئەر، ئاران 5000 نوپۇسى بار باغئېرىق يېزىسىدا ئالىم ئىسىملىك 77 كىشى بار ئىكەن. ئىككى ناھىيىدە 5000 ئائىلىدىكى 20 مىڭ نوپۇس ئىچىدىن بىز «تۇرسۇن»دىن 430نىڭ بارلىقىنى بايقىدۇق. بۇلارنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى تەكشۈرۈپ، ئوخشاشلىرىنى ئېنىقلاشقا مۇۋاپىق بولالمىغان (ئارخىپلاردا ئۇلار ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئورنىغا لەقىمنى قوللانغان) بولساقمۇ، لېكىن نۇرغۇن ئىسىمداشلارنىڭ بارلىقىنى ئۇچراتتۇق. مەسىلەن، چەرچەن بازار ئىچىدە ئىككى «تۇرسۇن قۇربان» بولۇپ، بۇلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئىسمىمۇ ئوخشاشلا «ئايشەمخان». بۇ خىل قۇلايسىزلىق بىزگە تارىخىي يىلتىزىمىزدىن مەلۇمات بېرىدىغان، «مەن»لىكىمىزنى نامايان قىلىدىغان، «كىم»لىكىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ئۆزىمىز ھەققىدىكى ئەڭ ئەقەللىي ئۇچۇرغىمۇ ئىگە ئەمەسلىكىمىزنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. بۇنىڭدىن بىز دەۋرگە خاس بىر خىل ئۇيغارلىق سۈپىتىدە، ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى چۈشەندۇق. ئىسىملار زامان، ماكان ۋە دەۋر تۇسىگە ئىگە بولغان ئىجتىمائىي، تارىخىي ھادىسە سۈپىتىدە ئۆزىدە ئېنىق مىللىي خاسلىق ۋە ئېستېتىك ئاڭنى گەۋدىلەندۈرگەندىن باشقا روشەن مەدەنىيەت قاتلىمىغا ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە.

چەرچەن، كېرىيىدىكى ئىسىملارنى مەزمۇن جەھەتتىن دىنىي ئىسىملار (شامان، بۇددا، خرىستىئان ۋە ئىسلام دىنلىرىغا ئائىت)، تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەر نامىغا قويۇلغان ئىسىملار، ھايۋانات نامىدىكى ئىسىملار، ھەر خىل مەدەنلەر نامىدىكى ئىسىملار، ئاسمان جىسىملىرى بىلەن ئاتالغان ئىسىملار، ئەمەل ـ مەنسەپ نامى بىلەن ئاتالغان ئىسىملار ۋە كىشىلەر گۈزەللىك ئېڭىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن زامانغا لايىق ئىسىملار، دېگەن تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن.

3. چەرچەن ۋە كېرىيىدىكى يەككە لەقەملەر

بىز تەكشۈرۈش ئىمكانىيىتىمىزگە ئاساسەن چەرچەن ناھىيىسىدە 260، كېرىيىدە 350، جەمئىي 600دىن جىقراق لەقەمنى خاتىرىلىدۇق. لەقەملەرنى مەزمۇنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1) ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ تۇتېم ناملىرىغا ئاساسەن قوللانغان لەقەملەر. مەسىلەن: بۆرە، قوداي (بۈركۈت ئائىلىسىدىكى بىر خىل قۇش) كالا.....

2) ئۇرۇق ـ قەبىلە ۋە مىللەت ناملىرىغا ئاساسەن قوللانغان لەقەملەر:

ماۋتجان قارلۇق، ھاشىم پەرەڭ، مەمتىمىن قازاق، ياسىن تۇڭگان ۋە ئەخمەت ئۆزبېك.

3) ھۈنەر ـ كەسىپ ناملىرىغا ئاساسەن قوللانغان لەقەملەر:

مەتتۇرسۇن كولەي (ئالتۇن قازغۇچى)، تۇداخۇن بۆچچى (بوزچى)، ئەيسا كانچى، ئوسمان دەۋەندە، مەمتىمىن ياغلو (تۇمۇرچى)، ئىمىن زەپە (چايچى)، بۇسارىخان ئەلگەك، ئابلا سولتان سۇۋاق، بۇلاق ماتاڭ، غوجائابدۇللا تەنزە....

4) ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرىغا ئاساسەن قوللانغان لەقەملەر:

قۇربان كۆكبېشى (مىراپ)، مەمەت شاڭ (مۇكاپاتلانغۇچى)، مەمتىمىن ساڭچى، دامان مۇدىر، ئوبۇل ئاقچى (خەزىنىچى)، ئەمەت خەلپە، تۇردى كاتىپ....

5) دىنىي تۇستىكى لەقەملەر:

دامان قارىم، سادىق شەيخ، ئاينىياز باقشى، ئىمىن خەلپەت، ئابلا پېرىخون، داۋۇت ئىشان، ئابلا داموللا...

6) تۇرلۇك ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى، جابدۇقلار ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرىغا ئائىت لەقەملەر:

تامان (سامان يىغىدىغان چىشلىق ئارا شەكىللىك ياغاچ ئەسۋاب)، كەرگەك (ئەلگەك ياسىغۇچى)، چىنەي (قارىغا ئېلىش)، كاسا (ياغاچتىن ياسالغان قاچا)، پاراچ (ئالتۇن ئايرىيدىغان ئەسۋاب)، شىنا، مۇكا، كۇرەك، كىلتان (ئىشىك ئىلغۇچ)، كەچكۈن (قۇشنىڭ بالدىقى)، چارا (ياغاچ تاۋاق)، پىچاق، ناغرا، چەچكۇ....

7) يەر ـ جاي ناملىرى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر:

مەتقۇربان بومباي، ئابدۇراخمان قارىقاش، ئەمەتئاخۇن قىرىم، ئابدۇرازاق بۇخارا، ئۇرايىم قۇمۇل، دامائاخۇن ئەنجان، مۇسا تاغلىق، تۇرسۇن قەشقىرى، ئىسمائىل گۇلاخما، كېرەم شىراز، ئوبۇل قىران، سەمەت شەرقى، مەتنىياز خوتەن...

8) شەيئىلەر ۋە تۇرلۇك ئۆسۈملۈكلەر نامىغا ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەر:

سېلىم خاكى (تۇپراق)، مەترۇزى گۈل، بەكرى موناقى، ئوسمان چۆپ، ئابابەكرى زاغۇن، ئەمەت پاسار، داۋۇت قاپاق، بەكرى چاركۆك، مەتقۇربان پالەك، ئەمەت قاق، ئامىر قاپاق....

9) ئۇچار قۇش ۋە هايۋاناتلار نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر:

هەۋزىخان پاقلان، تۇردى بوغرا، ئابدۇللا قوداي، مۇسا قۇش، قاسىم چارخوراز، ئېلى شىر، ئىمىن جەرەن، تۇرسۇن قاراپەي، ياسىن هاڭگى، ئايىت ئېشەك، شېرىپ مايمۇن...

10) تەقى ـ تۇرقى ۋە بەدەن قۇرۇلۇشىغا قاراپ قويۇلغان لەقەملەر:

تۇرسۇن ياغباش، داۋۇت لەگسە (ئېگىز بوي)، ياقۇپ تام، ئىسمائىل زو (زور)، ئىسا سىڭايان، مەترېهىم مەشۇق، توختى دار، باهار ئاقبىلەك، تۇردى دوناي، ئۆمەر ياڭزا، ئوسمان ئىككى چىشلىق، ناسىر پاختا قۇلاق....

11) خاراكتېرىگە ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەر:

هۇسەن پېتىر، تۇرنىساخان هاپىز، هاۋاز تەكتەك، مەمتىمىن دانىش، بارات ئۆرگىلەي، ئايشەمخان يورغا، هاشىم بەز، تۇداخۇن سەكسەك، قۇربان پاكىز، مەتكېرەم نەرە، مەتتۇرسۇن گۇنداز (ئېغىر)، ئەيسا دەللال، تۇرسۇن نەشتەر...

12) كىشىلىك تۇرمۇش ۋە كەيپىياتقا قاراپ قويۇلغان لەقەملەر:

يېتىم سايىت، هاڭگىراخۇن مۇشەققەت، مەڭلىك دەردىم، هاجىم قۇرۇق، مەتتۆمۈر كېتەي، هەسەن قاقشال، مەتسەيدى چۆل، نىياز پەقىر، رۇسۇل پىل ـ پىل، غوپۇر قاقشال، شۇكۇر چىداپ...

13) كىشى ئىسمى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر:

مەمەت روزى نۇرى، قاسىم سىدىق گۈليار، غېنىئاخۇن هادىل، ئابدۇباقى سەنەم، رەجەپ سادام، ئابابەكرى روزى ئامان...

14) سەلبىي مەنىدىكى لەقەملەر:

مەتتۇرسۇن چۇگە (سېرىق ئىت)، قاهار ساخۇ (سارالڭ)، خۇجامەھەممەت مەدەك (تۇراي، چوشقا كۈچىكى)، توختىنىياز دوڭغاي، تۇدىئاخۇن موگو، سەيدى زالڭ، تۇردى پوق، ئەكرەم چۇۋۇق، مىجىت هۆپۈپ، مەڭنىسا ساغرا، تۇرسۇنگۇل كاما، راخمان بوش، ئەخمەت پوق، مەتروزى جىن، ئابدۇقادىر پوكانچى...

15) بىر قىسىم شىۋە سۆزلۈكلىرى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر ۋە باشقىلار:

بۇ خىل لەقەملەرنىڭ مەنىسىنى لەقەم ئىگىلىرى ئاساسەن بىلمەيدۇ.

قادىردەندان، ئېزىز موكۇل، ئابدىلىم توپىش، تۇرسۇن چاچۇق، قۇربان تاكان، مەڭلەشخان مەشتەر، هاۋاخان پىژ، ئېزىز بۇرۇك، ياسىن دەكچەك، ناسىر ئاقاش، مۇسا جاگراي... يەنە «شۇڭ»، «شىلڭ» قاتارلىق ئۆلچەم بىرلىكلىرى بىلەن ئاتالغان لەقەملەرمۇ ئۇچرايدۇ.

4. جەمەت لەقەملىرى:

قوداي، قالۇنچى، خەلپە، كالدىر، تورغاي، خارەت (ياغاچچى) قاساپ، قوشباش (ئېغىر)، شوركۆل، قۇشقاچ...

يۇقىرىقى ئىككى ناهىيىدە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى يوق بولسىمۇ، لېكىن بىر لەقەم بىلەن ئاتالغان جەمەتلەر بار (خېلى كۆپ چەرچەنلىكلەر ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ نىيە ۋە كېرىيەدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئىككى ئورۇندىكى بىر لەقەملىك كىشىلەر ئەسلى بىر جەمەت بولۇپ، ئارىلىقنىڭ يىراق بولۇشى، ئائىلە نەسەبنامىسىنىڭ يوقلۇقى ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر جەمەتكە تەۋەلىكىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئائىلە نەسەبنامىسى قالدۇرۇش ئۇقتىسىدىن بۇ هەقتە ئىزدىنىشكە بولىدۇ). بۇ خىل هادىسە كۆپىنچە يۇرت ـ مەهەللە ئارىلىقىنىڭ يىراق بولۇشى ۋە ئالاقە ئىشلىرىدا قۇلايسىزلىق تۇغۇلمىغانلىقى سەۋەبلىك ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، چەرچەندە «تاغ» لەقىمى بىلەن ئاتىلىدىغان، «هېچقانداق قانداشلىق مۇناسىۋىتىمىز يوق» دەپ قارايدىغان 12 ئائىلە ياكى جەمەتنى ئۇچراتتۇق. ناهىيە بازار ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق ئەمەت يۇسۇپ تاغ بىلەن چوڭكۆل يېزىسىدىكى بەكرى تاغ؛ باغمېرىق چىگە قاش كەنتىدىكى «تاغ»لار بىلەن شۇ يېزىنىڭ ئەكەچ تېرىم كەنتىدىكى «تاغ»لار هەم تاتىراڭ يېزا تۆۋەن تاتىراڭ

www.uyghurkitap.com



كەنتىدىكى «تاغ»لارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى يوق. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە چەرچەن ناھىيىسىگە تەۋە ئاچچان تاغلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاچقا، يۇرتتىكىلەر ئۇلارنى شۇ لەقەم بىلەن ئاتىغان. بەزىلەر بىر مەھەللىدىكى «تاغ»لارنىڭ مەلۇم تۇغقانچىلىق ئالاقىسىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىشتى. يەنە ئىمىن كۆنچى بىلەن ئارال يېزىسىدىكى ئىسمائىل ئىبراھىم كۆنچى؛ ئاقتىكەندۈك يېزىسىدىكى بەختى كۆنچى بىلەن توغراقلىق يېزىسىدىكى ياسىن كۆنچى قاتارلىقلارنىڭمۇ تۇغقانچىلىقى يوق. بۇ جەمەتلەر ئاشۇ ئاتا مىراس كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپلا كەلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. دېمەك، جەمەت لەقەملىرى تۈر، مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە ئۇرۇقداشلىق جەھەتتىن مۇرەككەپرەك ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئىمكانىيىتىمىز بولمىغاچقا، ھەممە لەقەمداش جەمەتلەرنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلىيالمىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىز يېزىلارنى مەركەز قىلغاچقا، دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىرقەدەر تۆۋەن بولۇشىمۇ ئىلمىي پائالىيىتىمىزنى چەكلىمىگە ئۇچراتتى. تۆۋەندە «قودايى» جەمەتى بىلەن «قالۋۇن» جەمەتىنى ئۇقتىملىق تونۇشتۇرىمىز.

1) قودايى جەمەتى

زىيارەت قىلىنغان كىشى: ئابدۇللا ھاجىم قودايى، 64 ياش، دېھقان، ساۋاتلىق، ئوردۇچىنى ئانا تىلىدەك بىلىدۇ. ئىنگلىزچىدە ياخشى، ھازىر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەزاسى.

فامىلىسى: قودايى.

ئادرېسى: كېرىيە ناھىيە موغاللا بازار موغاللا كەنت 3 ـ مەھەللە. ئابدۇللا ھاجىم قودايى 1936 ـ يىلى ھىندىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىر رايونىدا تۇغۇلۇپ، باشلانغۇچنىڭ 3 ـ يىللىقىغىچە ئوردۇ تىلىدىكى مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇنىڭ دادىسى ئەھمەد ھاجىم قودايى كېرىيىدە تۇغۇلغان، ئانىسى سەئۇدى ئەرەبىستانلىق. ئۇلار 1948 ـ يىلى (ئابدۇللا ھاجىم قودايى 12 ياشتا) ئائىلىسى بىلەن ۋەتەنگە قايتقان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 ـ توم، 331 ـ بەتتە مەھمۇد قەشقەرى «قودايى» سۆزىنى ئىزاھلىغاندا «قودايى ۋە ئاققۇلار توپلىشىپ سۇ ئەتراپىدا ئۇچرىشىدۇ ۋە ھەر خىل ئاۋازلار بىلەن سايرىشىدۇ» دەپ ئىزاھلىغان. ئابدۇللا ھاجىمنىڭ بايانىچە، ئەينى ۋاقىتتىكى كەشمىر رايونىنىڭ دۆلەت بايرىقىغا لاچىن ئائىلىسىدىكى «قودايى»نىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ يەنە «ياشار، ياشىسۇن» دېگەن مەنىسىمۇ بار ئىكەن. قودايى جەمەتدىكىلەر كېرىيىنىڭ يېڭىباغ، ئۈيتوغراق، كۆكيار، موغاللا، قاچۇڭ،






چۆپچىلە قاتارلىق يېزا ـ كەنتلىرىگە، رايونىمىز تەۋەسىدىن ئېيتـ قاندا چەرچەن، چىرا، نىيە، خوتەن شەھىرى، ئۈرۈمچى ۋە قاراماي قاتارلىق ناھىيە ـ شەھەرلەرگە يەنە سەئۇدى ئەرەبىستانى، كەشمىر، تۈركىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقالغان. بۇ جەمەتتىكـ لەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى باي سودىگەرلەر بولۇپ، پىلە، گىلەم، جەيناماز، چاي، قاشتېشى ۋە يىپەك رەخت قاتارلىقلارنى غەربتە لاداق يولى ئارقىلىق ھىندىستان، كەشمىرگە، شەرقتە چىڭخەي ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان مىللىي سودا ـ سانائىتى، ئاخبارات ۋە يېڭى مائارىپچىلىق ئىشلىرىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، قوداي جەمەتـ دىكىلەر قەيەردە ياشىسۇن، قايسى قاتلامغا تەۋە بولسۇن، ئەقىلـ لىقلىقى ۋە مەلۇم بىر كەسىپنى ئىگىلىگەنلىكى بىلەن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىكەن. بۇ جەمەت يىلتىزى چوڭقۇر، چوڭ غوللۇق ۋە شاخلىرى باراقسانلاپ كەتكەن بىر شەجەرە (پارىسچە دەرەخ ۋە ئۇنىڭ شاخلىرى مەنىسىدە) بولۇپ، نەچچە ئون ئەۋـ لادتىن بىرى «قوداي»نى لەقەم ئەمەس، رەسمىي فامىلە قىلىپ قوللانغان ۋە بۇ جەمئىيەتكە ئالاقىدار ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە بۇ فامىلە ئەمەلىيلەشكەن.

«قوداي» جەمەتىنىڭ بۇ تولۇق بولمىغان نەسەبنامىسىنى ئابدۇللا ھاجىم بىلگەن ۋە ئېيتىپ بەرگەن دائىرىدە تۆۋەندىكىچە كۆرسەتتۇق.

2) قالۇن جەمەتى

زىيارەت قىلىنغان كىشى: مەتسەيدى قۇربان، 70 ياش.

كەسپى: دېھقان، ساۋاتلىق.

فامىلىسى: قالۇن.

ئادرېسى: كېرىيە شۇۋۇل يېزا قۇشقاچباغ كەنتى. مەتسەيدى ئاكىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار بىر سەنئەتكار جەمەت بولۇپ، يىراق ئەجدادىدىن تارتىپ بوۋىسىغىچە قالۇن چېلىشنى داۋاملاشتۇرغان. شۇ سەۋەبتىن «قالۇن» بۇ ئۇرۇقتىكىلەرنىڭ جەمەت لەقىمى بو-لۇپ قالغان. بۇ كېرىيە ناھىيە بازىرىدىكى چوڭ جەمەت بولۇپلا قالماي، بەلكى قۇشقاچباغ كەنتىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىنى تەشكىل قىلغان. ھازىر «قالۇن» لەقىمى بىلەن ئاتىلىدىغان مۇشۇ جەمەتكە تەۋە 200 ئەتراپىدا ئادەم بولۇپ، مەتسەيدى قالۇن «بۇ سۆزنى لەقەم دېگەندىن كۆرە، بىزنىڭ فامىلىمىز دېگەن ياخشى ھەم نە-سەب بەلگىمىز سۈپىتىدە ئۇنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرىمىز»، دەپ ئېيتتى. سىخېمىلاردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، جەمەت فامىلىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇرۇقنىڭ ئەر ئەزالىرىلا قوللىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەن ئاياللارمۇ قوللانغان. بۇ فامىلە تەتقىقاتتىكى مۇھىم مەسىلە.

### 5. يۇرت ـ مەھەللە لەقەملىرى

بىز تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ناھىيىلەردىكى بەزى يۇرت ـ مەھەللىلەر بىر ـ ئىككى جەمەت كىشىلىرىدىنلا تەشكىل تاپقان بولۇپ، مەھەللىلەرمۇ مەلۇم تەسىرى چوڭراق جەمەتنىڭ لەقىمى بىلەنلا ئاتالغان ۋە ئاستا ـ ئاستا يەر نامىغا ئايلىنىپ كەتكەن. 50 ـ يىللاردىن كېيىن يەر ـ جاي ناملىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش سەۋەبىدىن بۇ «كونىلىق»نىڭ ئورنىغا يېڭىچە ئىسىملار سەپلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ جانلىق تىل ئىستېمالىدا ئاشۇ يۇرت ـ مەھەللىلەر ئاۋۋالقىدەك جەمەت لەقەملىرى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن: چەرچەن چوڭكۆل يېزىسىدىكى ئۈچ كەنت «مەھەللە، ئېكىنزار» مەنىسىدىكى «توقاي» سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ جەمەتنىڭ لەقىمى بىلەن «قامغاق توقاي»، «جان توقاي» ۋە «قارلىغاچ توقاي» دەپ ئاتالغان. يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدىكى «ئەكەچ تېرىم»، باغئېرىق يېزىسىدىكى «جاندا تېرىم» كەنتلىرىنىڭ نامىمۇ جەمەت لەقەملىرىدىن كەلگەن. كېرىيىدىمۇ بۇ خىل ئەھۋال خېلى گەۋدىلىك بولۇپ، بوستانئېرىق كەنتىنىڭ «شوركۆل» مەھەللىسىمۇ بۇ يەرگە بۇرۇن كېلىپ يەر ئېچىپ بوستانلىق بەرپا قىلغان «شوركۆل» جەمەتىنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان. بۇلاردىن باشقا بۇ ئىككى ناھىيىدە لەقىمى يۇرت ـ مەھەللە لەقىمىگە تەرەققىي قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن جەمەتچىلىك قارىشى كۈچلۈك، مەھەللە ـ مەھەللىنى تەشكىل قىلىپ «تىم ـ تىم كىچىك بۇلاقلاردىن دەريا» شەكىللەندۈرگەن جەمەتلەردىن چەرچەن باغئېرىق يېزىسىدىكى «چۈۋىق» جەمەتى، چوڭكۆل يېزىسىدىكى ياڭزا جەمەتى، ئاق تىكەندۆڭ يېزىسىدىكى قارلىغاچ جەمەتى، كېرىيىدىكى خەلپە جەمەتى، قاجىق جەمەتى، تورغاي جەمەتى ۋە پەششەك جەمەتى، شۇنداقلا چەرچەن، نىيە ۋە كېرىيىگىچە تارقالغان غالتەك جەمەتى قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ جەمەتچىلىك ئەزالىرى كېمىدە 100 كىشى بولۇپ، جەمەت لەقىمىنى فامىلە ئورنىدا قوللانغان ياكى فامىلىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ شارائىتىنى ھازىرلاپ بولغان. شۇنى ئېيتىش لازىمكى، بىز تېخىمۇ جىق جەمەت ئاقساقاللىرى بىلەن ئۇچرىشالمىدۇق. قايسى جەمەتتە مەدەنىيەتلىك كىشىلەر كۆپ بولسا، ئۇلار «بۇ لەقىمىمىز ئەمەس، فامىلە» دېدى ۋە نەسەب مۇناسىۋەتلىرى ھەم ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق نام ـ ئاتاقلىرىنى توغرا ئېيتىپ بېرەلىدى.

### 6. ئىسىم ۋە لەقەملەرنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

تەكشۈرۈش جەريانىدا ئىسىملار بولۇپمۇ كۆپچىلىك لەقەملەرنىڭ شەرتلىك ۋە مەلۇم دائىرىدە ئۇچۇر ـ ئالاقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېلەلىگەنلىكىنى، بۇ ھەقتە تۈزۈلگەن بىر ئىلمىي بەلگىلىمىنىڭ بولماسلىقى بىلەن قىسمەن لەقەملەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ھەم ماكان ـ زامان ئالمىشىشى تۈپەيلى ئۆزگىرىپ تۇرغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن لەقەمنىڭ فامىلە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. ئىسىم ـ لەقەملەردىكى بۇنداق ئۆزگىرىشنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدا ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

1) سىرت جايلاردىن كەلگەن ئەرلەرنىڭ يەرلىك ئاياللارغا ئۆيلىنىپ ئىچكۈيئوغۇل بولۇپ كىرىش سەۋەبىدىن ئۇلار ئۆز لەقىمىدىن ۋاز كېچىپ ھازىرقى ئايالىنىڭ لەقىمىنى قوللانغان.

2) يولدىشى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئايال ئۆز جەمەتىنىڭ لەقىمىنى قوللىنىش، ياتلىق بولسا، ھازىرقى ئەر تەرەپنىڭ لەقىمىنى قوللىنىشتەك ئەھۋاللار تەڭلا مەۋجۇت بولغان. نەتىجىدە بالىلارنىڭ لەقىمىدە مۇرەككەپلىك شەكىللەنگەن. چەرچەندىكى ئەركەچ تېرىمدا قىزلار ياتلىق بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆز جەمەتىنىڭ لەقىمىنى قوللىنىش ئەنئەنە.

3) ھەر خىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بىلەن ئائىلىدە ئايالىنىڭ ئورنى يۇقىرى بولسا، مەسىلەن: ئايال يۇقىرى تەبىقىدىن بولسا؛ ئەر كېسەل، بوشاڭ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدىن قالغان ياكى جىسمانىي ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئەھۋالدا لەقەم مەسىلىسىدە ئۆزگىرىش بولغان.

4) بېقىۋېلىنغان بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن ئائىلىسىگە قايتسا ياكى بېقىۋېلىنىش رەسمىيەتلىرى بىكار قىلىنسا لەقىمىدە ئۆزگىرىش بولغان.

5) باشقا ناھىيە ـ ۋىلايەتلەردىن كۆچۈپ كەلسە، بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئائىلىنىڭ كەسپىي ئەھۋالى ياكى ئاساسلىق ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ۋە تەقدىرىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولسا، لەقەمدە ئالمىشىش بولغان.

6) تەشكىل ياكى رەھبەرنىڭ بىر كىشىنىڭ لەقىمىنى سۈنئىي ھالدا ئۆزگەرتىپ قويۇشى بىلەنمۇ لەقەمدە يېڭىلىنىش بولغان. مەسىلەن: چەرچەن باغئېرىق كەنتىدىكى جامال روزىنىڭ ئەسلىي لەقىمى «ئۇرۇق» بولۇپ، 50 ـ يىللاردىكى شۇ ناھىيىنىڭ ھاكىمى «سوتسىيالىزم دەۋرىدە ئورۇق ئادەملەر بولمايدۇ. شۇڭا بۈگۈندىن كېيىن سىزنىڭ لەقىمىڭىز ‹بودەك› بولسۇن» دېگەن.

نەتىجىدە لەقەم يېڭىلانغان، جەمەتنىڭ لەقەم ئەنئەنىسى بۇزۇلغان. ئىككىلا لەقەم تەڭ قوللىنىلغان. يۇقىرىقى نۇقتىلار لەقەمنىڭ ئۆزگىرىش سەۋەبىلا ئەمەس، بەلكى بىر كىشى ياكى جەمەتنىڭ كۆپ لەقەملىك بولۇپ قېلىشىنىڭمۇ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا بىز باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىدىكى قىزلاردا ئىسىم ئالماشتۇرۇشتەك يېڭىچە ئەھۋالنى بايقىدۇق. مەسىلەن: چەرچەننىڭ ئارال يېزىسىدا خەلچەم گۈلجەننەتكە، تۇرسۇنخان تۇرسۇنئايغا، سېپرەم بىلەن مەڭلەشخان ئىسىملىرىنى ئادىلەگە يەڭگۈشلىگەن. بۇنى 80 ـ يىللاردىن كېيىنكى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، گېزىت ـ ژۇرنال قاتارلىق ئاخبارات ـ تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسىدىن، 90 ـ يىللاردىن بۇيانقى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ قىسقا، مەنىلىك، يېقىملىق بولۇشتەك ئىسىمشۇناسلىق مەدەنىيىتىگە بۇرالغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەمما بۇ خىل ئەھۋال مەلۇم ياشتىكى تۇغۇلغان كۈن مەرىكىسىدە ئىسىم ئالماشتۇرغانلىقىنى جاكارلاش، مېھمان چاقىرىپ ئىسىم ئالماشتۇرۇش، جەمەتتىكى يېڭى بوۋاققا ئىسىم قويۇش ۋاقتىدا ئەزان توۋلاپ ئۆزگەرتىش، مەكتەپ يېشىغا توشقاندا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق مۇراسىم ۋە شەكىللەر بىلەن ئېلىپ بېرىلغان.

خۇلاسە قىلغاندا، لەقەمدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، ئىسىم ئۆزگەرتىشتەك ئەھۋاللار بىز تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ناھىيىلەردە ئىسىمداشلىقنى چەكلەش، شەخسلەرئارا ۋە شەخسلەر بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى باج، بانكا ئامانىتى، پوچتا يوللانمىلىرى ۋە تۈرلۈك مەرىكە ـ مۇراسىم باغاقلىرى قاتارلىقلاردىكى ئۇچۇر يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان. ئۇلار بىز ھازىرغىچە تەشكىل بىلەن بولغان جەدۋەللەردە خاتا تولدۇرۇپ كەلگەن «ئىسىم فامىلىسى» دېگەن كاتەكنى «ئىسمى، لەقىمى»گە ئۆزگەرتىپ توغرىلاپ تولدۇرۇپ، خېلى بۇرۇنلا لەقەمدىن فامىلە ئورنىدا پايدىلىنىپ كەلگەن. بۇنى كىملىك، قىسمەن ئوقۇغۇچىلار تىزىملىكى ۋە بىز يېزا مەمۇرىيىتىدە كۆرۈشكە مۇۋاپىق بولغان يەر، نوپۇس ھەققىدىكى نەچچە ئون توپلام كونا ئارخىپنىڭ ئەمەلىيىتى بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ قېتىمقى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىز ئۇيغۇرلاردا فامىلە تەتقىقاتى ۋە فامىلە قوللىنىشنىڭ رېئال ئېھتىياجىنىڭ كۆپ ئارقىدا قالغانلىقىنى بىۋاسىتە ھېس قىلدۇق. مەن بۇ قېتىمقى جەمئىيەت تەكشۈرۈشىمىزدە بىزگە «يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەن» ئىككى ناھىيىدىكى ئالاقىدار رەھبەرلىككە، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراشلىقىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، بىزنى بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن ئاق كۆڭۈل خەلقىمگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

قوشۇمچە: فامىلىنىڭ قىممىتى

مۇھەممەد ئەلى تۇران، ھامبورگدا ئولتۇرۇشلۇق 25 ياشقا كىرگەن تۈركىيىلىك. ئۇ ئىسمى سەۋەبلىك ھازىر داڭلىق شەخسكە ئايلاندى، يەنە نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشتى. ئەسلىدە ھەممباپ شىركىتى يېقىندا «تۇران» ماركىلىق يېڭى تىپتىكى پىكاپنى بازارغا سالغان، ئەمما بۇ شىركەت «تۇران» دېگەن فامىلىنىڭ قوغدىلىدىغانلىقىنى كېيىن بايقىغان. تۇران بىۋاسىتە سېزىمگە تايىنىپ 1999 ـ يىلى گېرمانىيىدە ئىسمىنى رويخەتكە ئالدۇرغان. دەل كېلىپ قالغىنى ئۇمۇ ماشىنا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. گېرمانىيىنىڭ ئىسىم ـ فامىلە ھوقۇقىغا ئالاقىدار مۇناسىۋەتلىك قانۇنلىرىغا ئاساسلانغاندا ئۇنىڭ ئىسمى تاۋار ماركىسى سۈپىتىدە ماشىنىسازلىق ساھەسىدە قوغدىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممباپ شىركىتى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئىشلىتىشكە قىزىقىپ، تۇران بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتلەشكەن، ئۇ مۇنداق دېگەن: «دەسلەپتە ھەممباپ شىركىتىنىڭ ماڭا پۇل بەرگۈسى كەلمىدى، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ماشىنىدىن ئۆزۈمنىڭ ئىسمىنى كۆرۈش ماڭا بېرىلگەن ناھايىتى چوڭ مۇكاپاتمىش». ئۇ بۇ تەلەپنى رەت قىلغان. ھەممباپ شىركىتىنىڭ قويغان باھاسى بارا ـ بارا ئۆرلەپ، 5000 ياۋرودىن 30 مىڭ ياۋروغا چىققان. تۇران مۇنداق دەيدۇ: «بۇ پۇل بەك ئاز، شۇڭا مەن سۆھبەتنى توختاتتىم». كېيىن ھەممباپ شىركىتى 100 مىڭ ياۋرو چىقىرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە، تۇران قايتىدىن سۆھبەتلىشىشكە قوشۇلغان. تۇراننىڭ ئېيتىشىچە، ئەڭ ئاخىرقى پۈتۈشۈش باھاسى 100 مىڭ ياۋرودىن ئالتەخانە سان يۇقىرى بولغان، يەنە ئۈچ ھەممباپ ماركىلىق ئاپتوموبىلنىمۇ قوشۇپ بەرگەن، ئۇ كونكرېت سوممىنىمۇ ئاشكارىلىمىغان، ئەمما ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ پۇلنىڭ بىر قىسمىلا مەبلەغ سېلىش، ئامانەت قويۇش ھەم ئۆزىنىڭ باللىق دەۋرىدىكى ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ـ ئاپتوموبىل مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشقا يېتەرلىك ئىكەن. تۇراننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئىسمى ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئادەتتىكىچە بولۇپ، خۇددى گېرمانىيىدىكى «سىمىت»، «مېيېر»غا ئوخشاش تۈركىيىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ئىسىم ئىكەن.

---

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى)

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇر سېھرگەرلىكىدە سېھرگەرلەرنىڭ قىياپەتلىرى، سالاھىيەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى

ئەنۋەر سەمەد قورغان

قاملارنىڭ ياكى سېھرگەرلەرنىڭ شامان ئېتىقادى ۋە تەبىئەتكە چوقۇنۇش دەۋرلىرىدە قەدىمكى ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر ئىچىدە يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر ياكى ھەتتا ئۇرۇق ـ قەبىلە ئاقساقىلى بولغانلىقىدەك ئەھۋالنى شامان دىنى تەتقىقاتى ۋە باشقا سېھرگەرلىك تەتقىقاتلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئېتىراپ قىلىدۇ. دەرۋەقە، قەدىمدە ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە قارىتا ئىلمى قاراشنىڭ تولۇق شەكىللىنىپ بولالمىغانلىقى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتىكى ئېھتىياجنى قاندۇرۇشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىقتىدارنىڭ تۆۋەن بولۇشى سەۋەبىدىن، كىشىلەر تەبىئىيكى، تەڭرىلەر، روھلار بىلەن ئۆزلىرى ئارىسىدا ۋاستىچىلىك رولىنى ئوينايدىغان، مەلۇم مۇشكۈلاتلارنى ھەل قىلىپ بېرىدىغان دىندارلار ۋە سېھرگەرلەرنى جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىگە كۆتۈرگەنلىكى، ئۇلارنىڭمۇ ئاشۇ «ماھارەت»لىرى بىلەن يۇقىرى ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئېرىشكەنلىكى ئېنىق. بۇنداق قاملار ياكى سېھرگەرچىلەر ئەينى دەۋر جەمئىيىتىدە دائىم چوڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ، جۈملىدىن نەزىر ـ چىراغ، قۇربانلىق پائالىيەتلىرى، يامغۇر، سۇ تىلەش مۇراسىملىرىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئەينى دەۋر جەمئىيىتىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر «ئوتاچى» (تېۋىپ)لاردىن ئىدى. ئۇلار روھىي ۋە جىسمانىي كېسەللەرگە ئىلاج قىلاتتى. بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تىلسىملىق قىياپىتى ۋە سالاھىيىتىنى ساقلايتتى، دەرىجىسىنى يۈكسەلدۈرەتتى. بىز ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ سېھرگەرلىك پائالىيەتلىرى ۋە شامان دىنىغا ئالاقىدار خاتىرىلەردىن ئەينى دەۋر شامانلىرى ۋە سېھرگەرلىرىنىڭ شۇ دەۋر ھۆكۈمرانلىرى ئامراق بولغان، ياردەم تەلەپ قىلىدىغان ئىمتىيازلىق كىشىلەردىن بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. خۇددى ئالدىنقى سەھىپىلەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك، ئۇيغۇرلار بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، مەزكۇر دىنلار سېھرگەرلىكنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلىدى، ھەر بىر دىنىنىڭ تۈپ ئەقىدىسىگە خىلاپ كېلىدىغان سېھرىي قىلمىشلار تەقىپ قىلىنىش

2004.3

ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. نەتىجىدە سۇنئىي دىنلار دەۋرىدە سېھرگەرلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەسلىدىكى سىرلىق ھالىتى ياكى قىياپىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ قالغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەبىقە دەرىجىسىدە زور دەرىجىدە تۆۋەنلەش يۈز بەردى. ئۇلارنىڭ ئورنىنى باشقا دىنلاردىكى دىندارلار، دىنىي ئۆلىمالار ئالدى. سېھرگەرلەر بولسا دىندارلارنى چەتكە قېقىش، ئىنكار قىلىش، ئەيىبلەش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلار ئىسلام ئېتىقادىغا كۆچكەندىن كېيىن مۇنداق ئەھۋال كۆرۈنەرلىك بولدى. ھازىرقى ئۇيغۇر سېھرگەرلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتىن بايقىشىمىزچە، خېلى ئۇزاق دەۋرلەردىن بېرى، سېھرگەرلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچى داخانلار، باخشىلار، پېرىخونلار ئاساسەن جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاپ كەلگەن، دىنىي ساھەدە ئىمتىيازى بولمىغان، ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ ناچار بولغان. ئەگەر ئىسلامى ئۆلىما بولۇپ تۇرۇپ، يەنە سېھرگەرلىك بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، بۇنداق كىشىلەر ئومۇمەن جامائەت ئەيىبلەيدىغان، دىنىي ساھەدىكى ئورتودوكسال دىندارلار تەرىپىدىن كەسكىن ئىنكار قىلىنىدىغان كىشىلەردىن بولۇپ قالغان. بىز ئۇچراتقان ياكى ئۇچراشقان سېھرگەرلەر (شامانلار، پېرىخونلار، داخانلار، باخشىلار) ئومۇمەن ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچار بولغان، كۈنى تەسلىكتە ئۆتىدىغان، كۆپ قىسىم خەلقنىڭ نەزىرىدىن يىراق بولغان ئاددىي، ئەمما سىرلىق كىشىلەردۇر.

ئەڭ قەدىمكى سېھرگەرلەرنىڭ قىياپەت جەھەتتە ئاددىي پۇقرالاردىن كۆپ پەرقلىنىدىغانلىقى قىياس قىلىنماقتا. بۇ جەھەتتە نوپۇزلۇق قاراش «ئەڭ بۇرۇنقى شامان ياكى سېھرگەرلەر ئاياللاردۇر» دېگەندىن ئىبارەت. بىزنىڭچە، بۇ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق ھاكىمىيىتى دەۋرلىرىدە ئاياللارنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى دەسلەپكى ھۆكۈمرانلار ۋە سېھرگەرلەر بولغانلىقىدەك ئەمەلىيەتتىن كەلگەن بولسا كېرەك. مەيلى شامان دىنىغا ئالاقىدار سېھرگەرلىكتە بولسۇن ياكى باشقا خىلدىكى سېھرگەرلىكتە بولسۇن، سېھرگەرلەر كىيىم ـ كېچەك جەھەتتە بىر قەدەر ئۆزگىچىدۇر. مەملىكىتىمىزدىكى شامان دىنى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىلىم ساھەبلىرىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولىدۇكى، مەملىكىتىمىزدىكى شامانلار، پېرىخونلار ۋە سېھرگەرلەرنىڭ قىياپىتى ھەر خىل بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئورتاق تەرەپلىرىمۇ بار. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، سېھرىي قۇۋۋىتى كۈچلۈك، دەپ قارىلىدىغان سېھرگەرلەر ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇزۇن چاچلىقتۇر، ئايال پېرىخون ياكى ئايال سېھرگەرلەرنىڭ چېچى ئۇزۇن بولۇپلا قالماستىن، يەنە كۆپ (بولۇق)، بەزىدە ئۇششاق ئۆرۈلگەن، چاچ ئۆرۈمىسىنىڭ شەكلى جەھەتتە كىچىك قىزلارنىڭ چاچ ئۆرۈمە پاسونىغا ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلاردىكى ئەر جىنسلىق سېھرگەرلەرنىڭ ئۇنداق ئۇزۇن چېچى يوق. ئۇلار چېچىنى قىرىۋەتكەن بولۇپ، بېشىغا ئاق ياكى كۆل رەڭلىك ئۈچ بۇرجەك تەقىيە (كۇلا) كىيگەن. ① بەزىلىرىنىڭ باش كىيىمى ئاۋامنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ سېھرگەرلىكنى چەكلەش بېسىمىنىڭ سېھرگەرلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەككە ئېلىپ كەلگەن مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر. ئۇستىۋاش (كىيىم) جەھەتتە، ئۇيغۇر سېھرگەرلىرى، شامانلىرى قەدىمدە ئاۋامنىڭ كىيىم ـ كېچەكىدىن پەرقلىق كىيىملەرنى كىيگەن، ئەمما كېيىنكى تەرەققىيات داۋامىدا ئۇلارنىڭ كىيىمى ئاۋامنىڭ كىيىمىدىن پەرقسىز ھالەتكە يەتكەن. ئەمما مەيلى بۇرۇنقى سېھرگەرلەر بولسۇن ياكى ھازىرقى سېھرگەرلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ سېھرگەرلىك پائالىيىتى جەريانىدا ئاق رەڭلىك تون (ئۇزۇن چاپان) كىيىدىغانلىقى مەلۇم، ئابدۇقادىر ئىنان «تارىختا ۋە بۈگۈن شامانىزم» (شامانىزمنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى) ناملىق ئەسىرىدە شۇنداق دەيدۇ: «قىرغىز ۋە قازاق قامانلىرى ئالتايلىقلار ۋە ياقۇت شامانلىرىغا ئوخشىمىغان ھالدا، تولىمۇ ئۇزۇن تون ۋە كىيىم كىيمەيدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بەلگىسى بولسا ئۇلارنىڭ بېشىدىكى بىر تۇتام چېچى ۋە بۆكى ئۇستىگە سانجىلغان پەيدۇر. بەزى قامانلار بۇلارغا ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدۇ، ئۇلار ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاشلا سىرتلارغا چىقىۋېرىدۇ.» «ھەتتا ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق سىستېمىسىدىكى ئائىلە ئەنئەنىسى بىلەن زىچ ئالاقىسى بار بولغاندا قىرغىز، قازاق قامانلىرى شامانىزم مۇراسىملىرىدا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئاياللارنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالىدۇ. گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام مۇ-

www.uyghurkitap.com



رىتلىرى ئارىسىدا چاچنى قىرقىپ تۇرۇش ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى دەپ قارالسىمۇ، ئەمما بەزى قاملار ئۇزۇن بىر تۇتام چاچ قويۇۋالىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىككە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.» ② يۇقىرىقى پىكىر ئۇيغۇر شامانلىرى، پېرىخون، باخشىلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇرلاردا نۆۋەتتە بار بولغان سېھىرگەرلەر، پېرىخونلار، باخشىلار ۋە داخانلارنىڭ نام ـ شەرىپى، لەقىمى، جىنسى بىلەن ئۇلار شۇغۇللىنىدىغان سېھىرگەرلىكنىڭ خاراكتېرى ۋە تۈرى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىشلار بار. ئۇيغۇرلاردا مەزكۇر كەسىپ بىلەن خاس ياكى قوشۇمچە شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە سېھىرگەرلىكنى مەخسۇس كەسىپ قىلغانلارنىڭ سانى ئازراق، باشقا كەسىپلەر (دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، تىجارەت، دىنىي كەسىپلەر)گە يانداشتۇرۇپ شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپرەك. ھەر بىر سېھىرگەرنىڭ ئۆزلىرى شۇغۇللىنىدىغان سېھىرگەرلىك تۈرىگە مۇناسىپ نامى ياكى لەقىمى بار بولىدۇ. مەسىلەن، ئابلەت پېرىخون، ياقۇپ باخشى، نۇرنىسا داخان، غېنى شامان... دېگەندەك. پاددۇسوۋ «تارانچىلاردىكى باخشىچىلىق» ناملىق تەكشۈرۈش دوكلاتىدىمۇ تارانچىلاردىكى سېھىرگەرلەردىن سامساق باخشى، پولات باخشى، تۇرباقى باخشى، بۇلبۇل باخشى... قاتارلىقلارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئەر باخشىلار، پېرىخونلار ئاياللارغا قارىغاندا بىر قەدەر كۆپ، ئۇلارنىڭ لەقىمى (سالاھىيەت نامى) ئەمەلىيەتتە ئۇلار شۇغۇللىنىدىغان سېھىرگەرلىك تۈرلىرىدىن مەلۇم جەھەتتە دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ. ئومۇمەن، «شامان»، «باخشى»، «پېرىخون» قاتارلىق سۆزلەر بىلەن لەقەملەنگەن شەخسلەر سېھىرگەرلىك ماھارىتى ئۇستۇن بولغان، ئىپتىدائىي سېھىرگەرلىككە خاس ئۇسۇللاردىن خەۋىرى بار بولغان، جىنلاردىن تەشكىللەنگەن بىر ياكى بىر قانچە پەرىقە قوشۇنى بار بولغان، ئادەملەر بىلەن جىن ـ ئەرۋاھلار ئارىسىدا مۇناسىۋەت پەيدا قىلالايدىغان، روھىي كېسەللەرنىمۇ داۋالىيالايدىغان، كېسەللەرنىڭ ئاپەتلەرنىڭ سەۋەبىگە ھۆكۈم قىلالايدىغان، كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىپ، ئاغرىققا «رىتسىپ» يازالايدىغان دەپ قارىلىدىغان سەۋىيىلىك سېھىرگەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار بارلىق ئۇيغۇر سېھىرگەرلىرىنىڭ بىز بىلىدىغان ئاساسىي گەۋدىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ ھەر بىر يۇرتتا كەم دېگەندە بىرى بولىدۇ. «داخان» سۆزى بىلەن لەقەملەنگەن سېھىرگەرلەر كۆپىنچە دۇئا، ئەپسۇن ـ ئەرۋەش ئوقۇش، بەزى ئاددىي سېھىر ۋاستىلىرى (ئۇسكۇنىلىرى)نى قوللىنىش ئارقىلىق ئۇششاق ـ تۈششەك كېسەللەرگە ئىلاج قىلىدىغان سېھىرگەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار ئىچىدە ئىسلام دىنى بىلىملىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە خەۋىرى بارلار كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى ئاياللار بولۇپ، ئۇلاردا باخشى، پېرىخونلاردا بولىدىغان سېھرىي قۇۋۋەتنىڭ ھەممىسى ھازىرلانمىغان بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە يۇقىرىقى ناملار بىلەن لەقەملەنمىگەن بىر تۈركۈم كىشىلەر باركى، ئۇلار ئىسلامىي بىلىمنىڭ يۇقىرىلىقى سەۋەبىدىن ئىسلامچە دىنىي دەرىجە ناملىرى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، «... قارى»، «... موللا» دېگەندەك. بۇلار شۇغۇللىنىدىغان سېھىرگەرلىك كۆپىنچە قويۇق ئىسلامىي تۈس ئالغان. ئۇلارنىڭ سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرىدە ئىپتىدائىي ئۇسۇلغا خاس سېھرىي پائالىيەتلەر، پەرە ئوينىتىش، جىن ـ روھلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش، كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىش ... كە ئوخشاشلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك. ئۇلار «قۇرئان» ئايەتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك يازما مەنبەلەر ئاساسىدا كېسەللەرگە قارشى ئىلاج قىلىدۇ، تۇمار پۈتىدۇ. ئۇلار مەلۇم دەرىجىدە ئەبجەد ساۋاتى، «قۇرئان» ساۋاتى، بۇرج ۋە سەييارىلەر ھەققىدىكى ئىلىم ساۋاتىغا ئىگە. بۇ كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا سېھىرگەرلىك بىلەن ئىسلام دىنى پرىنسىپلىرى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن. ئۇيغۇر سېھىرگەرلىرى ئارىسىدا «قەسىدچى»، «جۇداچى»، «ئىسسىتقۇچى»، «سوۋۇتقۇچى»، «جىنكەش» سۆزلىرى بىلەن لەقەملەنگەن كىشىلەرمۇ بار. ئەمما ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان باخشى، پېرىخون، داخان، شامان، قىسمەن موللا ۋە قارىيلارنىڭ سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرىنىڭ مەلۇم تۈرلىرىگە قارىتا ئېيتىلغاندۇر. قەسىدچى ۋە جىنكەش ئەمەلىيەتتە پېرىخون، باخشى، داخان ياكى شاماندۇر.

ئىسسىتقۇچى ۋە سوۋۇتقۇچىمۇ ھەم شۇنداق. يادا تاش سېھرگەرلىكى ئۇيغۇلاردىكى تارىخى ئۇزۇن سېھرگەرلىك ئادەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا (ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرى ئارىسىدا) مەخسۇس يادا تاش سېھرگەرلىكى بىلەن مەشغۇل بولغۇچى «ياداچى» (پالچى)لار بولغان. ئەمما يېقىنقى ۋە ھازىرقى دەۋردىكى ئۇيغۇر سېھرگەرلىرى ئارىسىدا «ياداچى» دېگەن مەخسۇس نام ئۇچرىمايدۇ. بۇ نامنىڭ كېيىن قوللىنىلماسلىقى ئىككى سەۋەبتىندۇر. بىرى، يادا تاش سېھرگەرلىكى كېيىن ئىسلام تۈسىنى ئالغان يامغۇر تىلەش مۇراسىمى «زاراخەتمە»گە ئورۇن بەرگەن؛ يەنە بىرى، يادا سېھرگەرلىكنى باخشى، داخان، پېرىخون دەپ ئاتىلىۋاتقان كىشىلەر ئىجرا قىلىپ كەلگەن. يادا سېھرى يۇقىرىقى سېھرگەرلەرنىڭ پائالىيەت دائىرىسىگە كىرىپ، مەخسۇس كەسىپ بولۇشتىن قالغان.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شۇنداق بىر تۈركۈم سېھرگەرلەر مەۋجۇتكى، ئۇلار «پېرىخون»، «باخشى»، «جىنكەش»، «شامان» ناملىرى بىلەن ئاتالمىغان، ئۇلار ئىسلام ئۆلىماسىمۇ ئەمەس، بەلكى ئاددىي پۇقرالاردۇر. ئۇلار ئىچىدە ئاياللار كۆپرەك، ئەرلەر ئازراق، ئۇلار كەسپىي سېھرگەرلەر ئىجرا قىلىدىغان سېھرگەرلىك پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى بىلمەيدۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانمايدۇ. ئۇلار ئۇششاق ـ چۈششەك كېسەللەرگە ئىلاج قىلىش بىلەن، مەسىلەن، كىچىك بالىلاردىكى ھەر خىل يېنىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش، يامان كۆز ۋە يامان تىل سەۋەبىدىن بالىلارغا كەلگەن كېلىشمەسلىكلەرنى قايتۇرۇش، كىچىك كۆلەمدىكى سېھرىي تۈس ئالغان ئائىلىۋى مۇراسىملار، جۈملىدىن قونچاق ياساش، ئوتلام قېقىش، ياندۇرۇش، بۇي سېلىش، ئاۋاق ئىشى ئېتىش، چاچراتقۇ سېلىش... قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىشنى بىلىدۇ ياكى ئۇلارنى زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا ئىجرا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسلامىي بىلىملەردىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بار، خۇراپىي قاراشلىرى بىرقەدەر چوڭقۇر. بۇ خىلدىكى سېھرگەرلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى كىچىك مەسىلىلەرگە دەرھال سېھرىي ئىلاج قىلالايدۇ. ئۇلار سېھرگەرلىك ئادەتلىرىنىڭ يەنە بىر قاتلىمىنى شەكىللەندۈرگەن «ئىككىلەمچى سېھرگەر»لەردۇر.

خەلق ئىشەنچىسىدە ۋە سېھرگەرلەرنىڭ قاراشلىرىدا، سېھرگەرلەرنىڭ سېھرىي قۇۋۋىتى ئۈچ يول بىلەن بارلىققا كېلىدۇ: بىرى، ئۆگىنىش يولى. نۇرغۇن سېھرگەرلەر سېھرگەرلەر ئىچىدىكى مەلۇم تۈرلەرنى ياكى ئۆزى بىلىدىغان ھەممە سېھىر تۈرىنى مەلۇم سېھرگەرنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەنگەن. قۇمۇل قارادۆۋە يېزىسىدىكى نامى مەشھۇر ئابلەت پېرىخوننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ سېھرگەرلىكنى ئاتۇشلۇق بىر باخشىنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەنگەن. سېھرگەرلىكنى ئۆگەنگەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار مەزكۇر ماھارەتنى ناھايىتى ئۇزاق ۋە جاپالىق ئۆگىنىش ئارقىلىق يېتىلدۈرگەن. ئەمما بىر نەرسە ئېنىقكى، ھەر بىر سېھرگەر سېھرىنى مەلۇم كىشىدىن ئۆگەنگەندىن كېيىن ئۇستاز بولغۇچى ئىزنى (رۇخسەت) ۋە ئۇدۇم (ئەنئەنە ياكى ئىرسىيەت)نى ئۆگەنگۈچىگە بەرمەسە، ئۇنىڭ ئۆگەنگەنلىرى يەنىلا كارغا كەلمەيدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئىسلامىيەتتىن كېيىن، سېھرگەرلىكنى ئۆگىنىش يامان ئىش دەپ قارالغاچقا، ئۆگىنىشنى خالىغۇچى كىشى كۆپىنچە ئاۋامدىن مەخپىي ھالەتتە ئۆگەنگەن ۋە بىر كۈنلەردە تۇيۇقسىز سېھرىي «كارامەت»لىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان. ئىسلامىي تۈس ئالغان سېھرىي قىلمىشلارمۇ ئوخشاشلا كىشىلەرنىڭ دىنىي بىلىمىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ يېتىلىپ بارغان؛ ئىككىنچى، ئۇدۇم بېرىش، مىراس قالدۇرۇش يولى: خەلق ئارىسىدا نۇرغۇن سېھرگەرلەر ياكى «ئىككىلەمچى سېھرگەر»لەرنىڭ سېھرىي قۇۋۋىتىنىڭ مەلۇم سېھرىي قۇۋۋىتى بار كىشىلەردىن ئۇدۇم ئېلىش ياكى مىراس ئېلىش شەكلىدە پەيدا بولغانلىقى ھەققىدىكى ئىشەنچ كەڭ تارقالغان. بولۇپمۇ بىز «ئىككىلەمچى سېھرگەر» دەپ ئاتاپ تۇرۇۋاتقان كىچىك سېھرگەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۆزلىرىنىڭ ماھارىتىنىڭ مەلۇم كىشىدىن ئۇدۇم بېرىش ـ ئېلىش شەكلىدە يېتىلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ خىل ئىزاھلاردا يەنە ئۆگىنىش يولى بىلەن مەزكۇر ماھارەتلەرگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ. مەلۇم سېھرگەرلەرنىڭ باشقىلارغا ئۆز سېھرىي قۇۋۋىتىدىن يەنە بىر كىشىگە

قانچىلىك دەرىجىدە ئۇدۇم بېرىشى ئۇلارنىڭ يىراق ـ
يېقىنلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئۇدۇم بەرگۈچىنىڭ سۇبيېكتىپ
ئارزۇسىغا باغلىق بولغان. مەسىلەن، بىز ئۇچراتقان بىر
ئايال پېرىخون مەخسۇس كىچىك بالىلارنىڭ كۆز ئالمىسى
يانغا كېتىش كېسىلى (ئالغايلىق كېسىلى)گە قارشى سېھىر
ئىشلىتىدىغان بولۇپ، ئۇ بۇ ماھارەتنى ئېرىدىن ئۇدۇم
ئالغانىكەن. ③كىچىك سېھرىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇ-
غۇللانغۇچى خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە،
ئۇلارغا مەلۇم كىشى ئۆز ئۇدۇمىنى تولۇق بەرمەي، بىر
قىسمىنىلا بەرگەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار پەقەت بىر قىسىم
كېسەللەرگە ئىلاج قىلالايدۇ. ئۇدۇم ئېلىش يولى بىلەن
سېھرگەرلىك قۇۋۋىتىنى ھازىرلاشتا، سېھرگەرلىكنى ياكى
ئاددىي داۋالاش ئۇسۇلىنى ئۆگەنمەكچى بولغان كىشىلەر-
نىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئۇدۇم ئېلىش ئوبيېكتى يەنىلا سې-
ھرگەرلىكنى كەسىپ قىلغان پېرىخون، داخان، باخشى
ياكى شامانلاردۇر. ئۈچىنچى، سىرلىق سەرگۈزەشتىلەر (-
كۆپىنچە جىن ئېلىپ قېچىش) يولى: خەلق ئارىسىدا سې-
ھرگەرلەرگە ئالاقىدار ئىشەنچلەردە ۋە سېھرگەرلەرنىڭ
ئۆز بايانلىرىدا، ھەقىقىي، ئۈستۈن سېھرگەرلىك ھۈنىرى
بىر كىشىنى جىنلار ئېلىپ قېچىپ كېتىپ، قايتىپ كەلگەن-
دىن كېيىنلا شەكىللىنىدۇ. ئىپتىدائىي پېرىخونلۇق ئادەت-
لىرىدە قاملار، باخشىلارنىڭ ئىنسانلار بىلەن جىن ـ
روھلار ئارىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئاندىن سېھرنى
ئىجرا قىلالايدىغانلىقى سۆزلەنسىمۇ، ئەمما ئاشۇ قاملار،
باخشىلارنىڭ جىن ـ ئەرۋاھلار بىلەن قانداق شەكىلدە
مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ ئۇسۇلى سۆزلەنمەيدۇ. شا-
مان دىنى ۋە باشقا سېھرگەرلىككە ئالاقىدار كۆپىنچە
تەتقىقات نەتىجىلىرىدە بۇ نۇقتا ئىزاھلانمىغان. ئىسلام-
يەتتىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سېھرگەر-
لەرنىڭ سېھرىي كارامەتلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى
قاراشلىرى يالغۇز ئىسلامىي مەنبەلەردىكى جىنلار ھەققى-
دىكى چۈشەندۈرۈشلەرنى ئاساس قىلىپلا قالماستىن، ئۇ-
نىڭدا رىۋايەتلىك ئامىللار ئەقلىي سەۋەب دەرىجىسىگە
يۈكسەلدۈرۈلگەن. بۇ «سەۋەب» شۇكى، جىنلار ياخشى
ياكى يامان بولىدۇ، مۇسۇلمانلىرى بولىدۇ، غەيرىي دىن-
دىكىلىرى ھەم دىنسىزلىرى بولىدۇ. ئەگەر بىرەر كىشى
نامەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن يامان جىنلار تەرىپىدىن ئۆ-
يىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلسە، ئۇنداقتا ئۇ كىشى قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن ساراڭ (نېرۋا كېسىلى) بولۇپ قالىدۇ.
ئەگەر ياخشى جىنلار ياكى مۇسۇلمان جىنلار تەرىپىدىن
ئېلىپ چىقىپ كېتىلسە، ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سې-
ھرگەرگە ياكى چوڭ موللىغا ئايلىنىدۇ. خەلق ئارىسىدىكى
رىۋايەتلەردە جىننىڭ ئادەمنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشى ۋە
قايتىپ كەلگىچە يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللار مۇنداق بولىدۇ.
جىنلار ھەر خىل سىياقتا (كۆپىنچە ئادەم سىياقىدا، جۈمە-
لىدىن ئايال سىياقىدا) كېلىپ بىر ئادەمنى ئۆيىدىن ئېلىپ
چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى يۇرتمۇ يۇرت ئايلاندۇ-
رىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆزى كۆرگەنلىرىگە ھەيران قالغان-
لىقتىن بىھۇدە سوئاللارنى سوراپ يۈرمەسلىكىنى شەرت
قىلىپ، ئۇنى كاتتا، ئاجايىپ زىننەتلەنگەن يەتتە قەسرنى
زىيارەت قىلدۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۆزى زىيارەت قىل-
غان قەسرلەردىكى ئاجايىباتلارغا بولغان ھەيرانلىقىنى
بېسىپ، يەتتە قەسرنى تولۇق زىيارەت قىلسا، جىنلار
ئۇنىڭغا ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن دىنىي بىلىم
ۋە سېھرىي كارامەتلەرنى ئۆگىتىپ، ئۇنى ئائىلىسىگە قاي-
تۇرۇپ ئەپكېلىپ قويىدۇ. شۇ دەقىقىدە شۇ كىشى ئېسىگە
كېلىدۇ ۋە ئۆزىدە نۇرغۇن بىلىم ھەم سېھرىي قۇۋۋەتنىڭ
ھازىرلانغانلىقىنى سېزىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خالىغان
ۋاقىتتا ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ سېھر ئۆگەتكەن جىنلارنى
چاقىرىپ ئۇلارنىڭ ياردىمىدە كەلگۈسىدىن بېشارەت بې-
رەلەيدۇ، ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىگە
ھۆكۈم قىلالايدۇ، يامان جىنلارنىڭ چاپلىشىۋېلىشىدىن
پەيدا بولغان كېسەللىكلەرنى جىندىن بولغان قوشۇننىڭ
ياردىمى بىلەن ساقايتالايدۇ. ئەگەر كىشى ھېلىقى ئاجايىپ
قەسرلەرنى زىيارەت قىلغان جەرياندا ئاجايىباتلارغا بول-
غان ھەيرانلىقىنى باسالماي، ئارىلىقتا جىنلاردىن «بۇ قە-
يەر؟» دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ سالسا، جىنلار زى-
يارەت قىلدۇرۇشنى دەرھال توختىتىپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق
تەلىم بەرگەندىن كېيىن ئائىلىسىگە ئەپكېلىپ قويىدۇ.
بۇنداق كىشىلەرمۇ ئەلۋەتتە مەلۇم دىنىي بىلىم ۋە سېھرىي
قۇۋۋەتلەرگە ئىگە بولىدۇ. ئۇلارمۇ ئۆزى بىلەن مۇناسى-
ۋەت قىلغان بىر ياكى بىر قانچە پىرقە جىننىڭ ياردىمى
بىلەن بەزى كېسەللەرنى ساقايتالايدۇ ھەم باشقا خىلدىكى
بەزى سېھرلەرنى ئىجرا قىلالايدۇ. خەلق ئارىسىدا يۇ-

قىرىقى رىۋايەت بەزى كىشىلەرنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشى، پەيدا بولغاندىن كېيىن سېھرىگەر بولۇپ قالغانلىقى، ھەتتا چوڭقۇر دىنىي بىلىمى بار كىشى بولۇپ قالغانلىقىدەك ئەھۋالغا بەرگەن «ئەقلىي ئىزاھ»ى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل يول ئۇيغۇرلارنىڭ سېھرىگەرلەرنىڭ سېھرىي قۇۋۋەتلىرىنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىغا قارىتا بېرىدىغان ئۈچ خىل ئىزاھاتىنىڭ خۇلاسىسىدۇر. خەلق ئىشەنچلىرىدە جىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ سېھرىگەرلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچى جىنكەش (داخان، پېرىخون، باخشى)لەرنىڭ سېھرىي قۇۋۋىتى ئۇدۇم يولى بىلەن سېھرىي قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان سېھرىگەرلەرنىڭ ماھارىتىدىن ئۇستۇن بولىدۇ، ھەتتا ئۇ ئۆگىنىش يولى بىلەن ئېرىشلگەن سېھرىي قۇۋۋەتتىن تولىمۇ ئۇستۇن بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، خەلق ئارىسىدا «جىن ئەپچىقىپ كەتكەن»لىك تارىخى بار بولغان سېھرىگەرلەرگە كىشىلەر بەكرەك ئىشىنىدۇ، ئۇلارنىڭ سېھرىگەرلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان «تىجارىتى» ئوبدان بولىدۇ.

خوددى مالىنوۋسكىي ئۆزىنىڭ «مەدەنىيەت توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىدە ئېيتقاندەك، سېھرىگەرلەر ھەرقايسى تەرەپلەردە نورمال كىشىلەر ئەمەستۇر. ئۇلار ياكى مەجرۇھ، يېرىم پالەچ، دوك، ئەما، ئاڭقاۋ، نېرۋىسى ئاجىز، خۇي - پەيلى غەلىتە كىشىلەردۇر. ياكى چىرايى بەتبەشرە، نىكاھلىق بولمىغان خوتۇنلاردۇر. ئۇيغۇرلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان سېھرىگەرلەر، پېرىخونلار، باخشىلار، داخانلار، قاملار، شامانلار، جىنكەشلەر ئاشۇ فىزىئولوگىيىلىك ۋە روھىي ئالاھىدىلىكلەرنىڭ كەم دېگەندىمۇ بىرىدىن خالىي ئەمەس. بىز ئۇچراشقان سېھرىگەرلەر ۋە (ئۇلارنىڭ ھەر بىر تۇرلىرى) دە ئەنە شۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىر ياكى بىر قانچىسى تېپىلىدۇ. تېخىمۇ مۇھىم نۇقتا شۇكى، كەسپىي سېھرىگەر، داخان، پېرىخون، شامان ۋە باخشىلار مەلۇم دەرىجىدە روھىي نورمالسىز، مالىخولىيا (ھېستېرىيە) كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ياكى شۇ كېسەلنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنەرلىك بولغان، ئەسەب خىلىتى ئېشىپ كەتكەن كىشىلەردۇر. رۇس ئالىمى توكارېق ئۆزىنىڭ «دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىدىكى دىنلار» ناملىق ئەسىرىدە شۇنداق دەيدۇ: «شامانلىق (پېرىخونلۇق) بىلەن روھىي - ئەسەب كېسەللىكلىرىنىڭ، بولۇپمۇ شىمالدىكى بىر قانچە مىللەتلەردىكى روھىي كېسەللىكلەر (مەسىلەن، ھېستېرىيە)نىڭ ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋىتى بار. شامانىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەسەبىي، روھىي نورمال بولمىغان كىشىلەردۇر... روھىي كېسەل دائىملا شامان سېھرىگەرلىكىنىڭ ئالدىنقى تەييارلىقلىرىدىن بىرىدۇر.» ④ شامان دىنى تەتقىقاتچىسى، دوكتور دىلمۇرات ئۆمەرمۇ ئۆزىنىڭ «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامان دىنى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدە شامان دىنىنىڭ پاتالوگىيىلىك ئاساسلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان مۇلاھىزىلىرىدە پېرىخون، باخشى، شامانلارنىڭ روھىي كېسەللىك تارىخىغا ئىگە بولغان ئەسەبىي كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلار بىر مەيدان سېھرىگەرلىك پائالىيىتىنى ئىجرا قىلىشىنىڭ ئالدىدا ياكى شۇ جەرياندا كۆپىنچە مەزكۇر كېسەللىكنىڭ قوزغىلىشىنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئەمما، سېھرىگەرلەرنىڭ روھىي ۋە ئەقلىي ھالىتى ھەققىدىكى يۇقىرىدىكى قاراشلارغا مۇنداق بىر تەرەپنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك: ئۇ بولسىمۇ، بىز سېھرىگەرلىكنى مەيلى بىر خىل ئالدامچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان ساختا قىلمىش دەيلى، ياكى ئۇنى ھەققىي ئۇنۇمى بار بولغان بىر خىل ئەمەلىي پائالىيەت دەيلى، ناۋادا سېھرگەر (ياكى مەزكۇر نام بىلەن ئاتالمىغان باشقا «كەسپداشلار») نوقۇل يۇقىرىقىدەك جىسمانىي، روھىي ۋە ئەقلىي نۇقسانلارغىلا ئىگە بولىدىكەن، ئۇنداقتا سېھرگەرلەرنىڭ سىستېمىلىق مۇراسىم تۈسىنى ئالغان سېھرگەرلىك مۇراسىملىرىنىڭ تەكرار ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى، ئاۋامنىڭ سېھرىگەرلەرنىڭ كارامەتلىرىگە بولغان ئىشەنچلىرىنىڭ ھېلىھەم يوقالماي كېلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى... چۈشەندۈرۈش تەسكە توختايدۇ. شۇڭلاشقا، بىز ئۆز نۇۋىتىدە سېھرىگەرلەر يۇقىرىقىدەك بىر قاتار نۇقسان ۋە ئېبۋەنلەرنىڭ بىرەرسىدىن خالىي بولالمىغاندىن سىرت، ئۇلارنى ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى، نۇتۇق قابىلىيىتى ۋە ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتلەردە مەلۇم دەرىجىدە ئاددىي كىشىلەردىن ئۈستۈنرەك بەزىبىر خۇ-

MIRAS

سۇسىيەتلەرنى ھازىرلىغان دەپ قارايمىز. بۇ يەردە سېھرگەرلەرنىڭ مەزكۇر جىسمانىي، روھىي ۋە ئەقلىي غەيرىيلىكلىرى دەل ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ سىرلىق سالاھىيەتلىرىگە بولغان ئىشەنچلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان. بۇ مەسىلە ھەققىدە ئاۋستىرالىيىدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلغان داڭلىق مۇتەخەسسىس A. P. ئېلكىن ھەم پېرىخون، شامانلارنى روھىي كېسەل ياكى جىسمانىي-ئەقلىي كەمتۈكلەر ئەمەس، بەلكى «ئەقلىي ئىقتىدارى نىسبەتەن ئۈستۈن بولغان يەرلىكلەر» (aborignal men of higher degree) دەپ قارايدۇ. ⑤ بىز جەنۇبىي ۋە شەرقىي شىنجاڭ تەۋەسىدە ئېلىپ بارغان ئۆرپ-ئادەت تەكشۈرۈشى داۋامىدا يولۇقتۇرغان سېھرگەرلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللاردىن بىرەرسى تېپىلىدىغانلىقى بايقىلىدۇ.

شامانلىق، پېرىخونلۇق مەيلى شامان ۋە پېرىخونلارنىڭ ئەسەبىي روھىي ھالىتىنى ئالدىنقى شەرت قىلسۇن ياكى ئۇلارنىڭ سېھرگەرلىكى داۋامىدا غەيرىي نورمال روھىي ھالەت كۆرۈلسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز ئالدىنقى سەھىپىلەردە بايان قىلغان ئاددىي سېھرگەرلىك پرىنسىپلىرى ۋە ئاشۇ پرىنسىپلار ئۈستىگە قۇرۇلغان پائالىيەتلەرگە سىرلىق، تىلسىملىق تۈس بەخش ئېتىدۇ. ئالاھىدە مەقسەت ئۈچۈن سىرلىق ئۇسۇللارنى ئىشلىتىش رېئال تۇرمۇشتىكى ئاددىي قورالLARنى، ئەسۋابلارنى سېھرگەرلىكتە ئىشلىتىلىدىغان تىلسىملىق ۋاسىتىلەر دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. ھەر بىر پېرىخون، باخشى ھەققىدىكى كىشىلەر توقۇۋالغان رىۋايەتلەر، پېرىخون، باخشى ۋە جىنكەشلەر ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان غەلىتە «كەچۈرمىش»لەر ئۇلارنىڭ سىرلىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرىدۇ. ئەپسانىلەر بۇ يەردە سېھرگەرلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم ئاساسقا ئايلىنىدۇ.

خەلق ئارىسىدىكى پېرىخونلار، باخشىلار ۋە داخانلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇش ئادىتى جەھەتتە بەزى قاراشلار بار. مەسىلەن، مەزكۇر ئىشەنچلەردە، ھەرقانداق بىر پېرىخون، باخشى ياكى داخان باشقا كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە غىزا يېمەيدۇ، باشقىلاردىن بىر قاتار پائالىيەتلەردە ئۆزلىرىنى پىنھان تۇتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا پېرىخون، باخشى ياكى داخانلارنىڭ تامىقىغا ئېشەك سۈتى ئارىلاشتۇرۇۋەتسە ياكى قېتىققا ئېشەكنىڭ تۈكىنى ئارىلاشتۇرۇپ سېھرگەرلەرگە يېدۈرۈۋەتسە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سېھرىي قۇۋۋىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرقانداق قەستى، جادۇسى، ئىستىقۇسى ۋە سوۋۇتقۇسى ئۆتمەيدۇ (ئۈنۈم كۆرسەتمەيدۇ). پېرىخون، باخشى ۋە داخانلارنىڭ باشقىلارنىڭ ئۆيىدە بىھۇدە غىزا يېمەسلىكى ئەنە شۇنداق ئاقىۋەتتىن ئېھتىيات قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇ خىل خۇراپىي ئىشەنچنىڭ يەنە بىر خىل خۇراپىي، نەزەرىيىۋى ئاساسى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئېشەك تۈكى ئادەتتە ناھايىتى نىجىس نەرسە دەپ قارىلىدۇ. شۇنداقلا ئېشەك سۈتىنىڭ 40 خىل كېسەلگە شىپا بولۇشى ھەققىدىكى قاراشلارمۇ بىر قەدەر كەڭ تارقالغان. بۇ يەردە ئېشەك تۈكىدەك نىجىس نەرسىنىڭ سېھرنى بىكار قىلىۋېتىشى ھەممە خىل كېسەلگە شىپا بولىدىغان ئېشەك سۈتىنىڭ ئەسلىدىلا نورمال روھىي ھالەت ياكى پائالىيەت ھېسابلانمايدىغان سېھرگەرلىكنى ئادەم تېنىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتەلەيدىغانلىقى تەسەۋۋۇر قىلىنغان بولسا كېرەك. ئەلۋەتتە، تۇرمۇش ئادىتى، شەخسىي كۆز قاراش جەھەتلەردە ئائىلە دائىرىسىدە مەلۇم مەخپىيەتلىكلەرنى ساقلاش جەھەتلەردە سېھرگەرلەرنىڭ يەنە ئوخشىمىغان ئادەت ۋە يوسۇنلىرى مەۋجۇت. بۇ يەردە سەھىپە چەكلىمىسى ئېتىبارى بىلەن ئۇ ھەقتىكى مۇلاھىزە ۋە بايانلىرىمىزنى قىسقارتىمىز.

ئىزاھلار:

① دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامان دىنى ئۈستىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى، خەنزۇچە، 124 - بەت.

② ئابدۇقادىر ئىنان: «تارىختا ۋە بۈگۈن شامانىزم»، تۈركىيە تارىخ ئاكادېمىيىسى باسمىسى، 1986 - يىلى نەشرى، تۈركچە، 92 - ، 93 - بەت.

③ بۇ ئايال سېھرگەر قەشقەر پەيزاۋات ناھىيىسى بازار ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق، ھازىرمۇ ھايات.

④ توكارېف: «دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىختىكى دىنلار»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1985 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى، 180 - بەت.

⑤ [فرانسىيە] دېئان. سېرۋېر: «سېھرگەرلىك»، شاڭخەي (سودا) نەشرىياتى، 1998 - يىل 9 - ئاي نەشرى، خەنزۇچە.

---

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى، فولكلور پەنلەر دوكتورى)

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى



# مەدەنىيەت بوستانىدىكى تەشۋىشلىك ئويلار

مۇھەممەد راخمان

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىگە ئاجايىپ مەزمۇنلار مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ گۈزەللىك قارىشى، ئىرق ئايرىمىسى، مىللىي ئالاھىدىلىكى، ئېتىقادى، تارىخى، ئۆرپ-ئادىتى، ئەمگەكچان روھى، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى، تېبابەتچىلىك ئاساسىدىكى كىيىنىش ئادەتلىرى قاتارلىق كۆپ قىرلىق مەزمۇنلار ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇرلار كىيىنىشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ھالىتىگە قاراپ ھېيت-بايرام، توي-تۆكۈن، جىنس، ياش ئايرىمىسى قاتارلىق تەرەپلەرنى ھېس قىلىش بىلەن بىرگە، كىيىنگۈچىنىڭ خۇشاللىقى، قايغۇسى، ئارزۇسى قاتارلىق تەرەپلەردىنمۇ دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىدە كۆپ خىل مەزمۇن گىرەلەشكەن، روشەن مىللىيلىك گەۋدىلەنگەن، بولۇپمۇ دوپپا بىلەن ئەتلەسنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇرغىلا خاس بولغان مۇھىم ئالاھىدىلىك يارقىن ئىپادىلەنگەن. باشتىكى دوپپا، ئۇچىسىدىكى ئەتلەسكە قاراپلا ئۇيغۇر مىللىتى ئىكەنلىكىنى مۇتلەقلەشتۈرۈش ئۇيغۇرلارغا ئورتاق قاراش بولۇپ قالماي، يىراق-يېقىندىكى باشقا رايون، باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ئورتاق قارىشى بولۇپ قالغان. شۇڭا دوپپا بىلەن ئەتلەسنى ئۇيغۇر كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ئىككى مۇھىم ئالاھىدىلىك دېسەك ھەرگىز خاتا بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلار كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىدە پارلاق تارىخ يارىتىش بىلەن بىرگە مىللىيلىكنى ئوق مەركىزى قىلغان ئاساستا توختاۋسىز ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش، باشقا مىللەتلەرنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ئىلغارلىقلارنى دادىل قوبۇل قىلىپ ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى تاكامۇللاشتۇرۇپ كېلىشتەك تارىخىي جەريانىنى ياراتقان مىللەت. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى تارىخىنى ئەسلىسەك بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى تولىمۇ روشەن ھېس قىلماي قالمايمىز. بىراق، نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىشىدە مىللىيلىك تەدرىجىي سۇسلىششقا باشلىدى.

www.uyghurkitap.com



بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن كىيىم ـ كېچەك
مەدەنىيىتىمىز تېخىمۇ بۆھرانغا يۈزلەندى. مانا ھازىر
ئوغۇللىرىمىز كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىزنىڭ گۈلتاجى ـ
سى بولغان دوپپىنى كىيسە «نېمىگە قارىلىق تۇتتۇۋاتى ـ
سەن» دەپ سوراپ قويىدىغان، كانىۋاي كۆڭلەك كىيسە
«تويغا بارامسەن قانداق؟» دەپ سورايدىغان، قىزلىرى ـ
مىز چېچىنى ئۇششاق ئۆرۈپ، ئەتلەس كۆڭلەك كىيسە
«ئارتىسلاردەك ياسىنىۋاپسەنغۇ؟» دەپ سوراپ قويىدى ـ
غان ئەھۋال بارلىققا كەلدى. روھىيىتى مىللىي ئېتىقاد بى ـ
لەن سۇغىرىلغان بەزى مىللەت ئەزالىرى يۇقىرىقى سو ـ
ئاللارنى ئاڭلىغىنىدا بەلكىم تولىمۇ ئازابلىنىش، غەلىتە
ھېس قىلىشى مۇمكىن. بىراق، ئادەمنى سەگەكلەشتۈرىدى ـ
غىنى شۇكى، بۇ سوئاللار ئاڭلىماققا كىشىگە بەك غەلىتىلىك
تەسىرىنى بەرسىمۇ، مېڭىمىزنى سەللا سەگەكلەشتۈرسەك
سوئال تېگىگە چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە ـ
نىڭ كۆمۈلۈپ ياتقانلىقىغا دىققەت قىلماي تۇرالمايمىز. ئۇ
بولسىمۇ، خېلى كۆپ قىسىم خەلقىمىزنىڭ ئېڭىدىكى مىللىي
مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئەڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكىنى تەشكىل
قىلىدىغان كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىزنىڭ بۇنىڭدىن
كېيىنكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ـ تۇرالماسلىقى مەسىلە ـ
سىدىن ئىبارەت. ئەگەر بىز بۇ مەۋقەدە تۇرۇپ «نېمىگە
قارىلىق تۇتتۇۋاتىسەن؟» دېگەندەك سوئاللارنىڭ نېمە
ئۈچۈن پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى تەھلىل قىلىدىغان بول ـ
ساق، بەلكىم يۇقىرىقى غەلىتە سوئاللار ئادەمگە ئانچە
بەك غەلىتىلىك تەسىرىنى بەرمەسلىكىمۇ مۇمكىن. بىز بۇ
تۈگۈنگە جاۋاب تېپىش ئۈچۈن گېپىمىزنى ئالدى بىلەن
دوپپىدىن باشلايلى. دوپپا ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋول خاراك ـ
تېرلىك مىللىي كىيىمى، دوپپا قارىماققا باش كىيىمدەك
كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭغا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئاجايىپ مەز ـ
مۇنلىرى كەشتىلەنگەن. دوپپىلاردىكى گۈل ـ كەشتىلەر
مۇئەييەن مەنا بىلەن شەكىلگە، مەلۇم ئىجتىمائىي دەۋرگە
تەئەللۇق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىجادكار خەلقىمىزنىڭ پەم ـ
پاراستى، قەيسەر خىسلىتى، ساپ مۇھەببىتىنىڭ قەدىر ـ
قىممىتى نامايان بولغان. دوپپا توغرۇلۇق «ئۈرۈمچى
كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2001 ـ يىلى 16 ـ دېكابىردىكى
سانىنىڭ 2 ـ بېتىگە بېرىلگەن تۇردى تۇرسۇن ئىمزاسى ـ
دىكى «ئۆرپ ـ ئادەت مەسىلىسىدە پارتىينىڭ مىللىي
سىياسىتىدىن تەۋرىنىشكە بولمايدۇ» ماۋزۇلۇق ماقالىسى ـ
دە مۇنداق چۈشەنچە بېرىلگەن، «ئۇيغۇرلارنىڭ يازلىق
باش كىيىمى بولغان دوپپا نۇسخا، گۈل ۋە رەڭ پەرقلەر
بويىچە 30 خىلغا يېتىدۇ. دوپپا باش كىيىمى بولۇپ قال ـ
ماستىن، بەلكى بىر خىل نەپىس سەنئەت بۇيۇمى بولۇپ،
تەبىئەت گۈزەللىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. مە ـ
سىلەن: ئەرلەرنىڭ بادام دوپپىسىنىڭ شەكلى شەھەر،قەل ـ
ئەلەرگە، ئاق مەشۇتتىن چېكىلگەن بادام گۈللىرى ئايغا،
گىزەك گۈللىرى يۇلتۇزلارغا تەقلىد قىلىنغان. چىمەن
دوپپىغا چېكىلگەن گۈل نۇسخىلىرى خىلمۇخىل بولۇپ،
ۋەتەننىڭ تاغ ـ دەريا، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلىرىغا
سىمۋول قىلىنغان. دېمەك، ئۇ بىر مىللەتنىڭ ئېتنىك غايە
ئورتاقلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.»

دوپپا توغرۇلۇق «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ
2002 ـ يىللىق 6 ـ سانىدىكى سۇلايمان قەييۇمنىڭ «مە ـ
دەنىيەتنىڭ سەھرى ۋە زەھرى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدە
مۇنداق دېيىلگەن: «دوپپا شەكىل جەھەتتىن مىسىردىكى
پىرامىدانىڭ گېئومېترىيىلىك قۇرۇلمىسىغا ئوخشايدۇ.
بەزىلەر سىناق قىلىش ئۈچۈن ئەلئېھرامنىڭ ئىچىگە پىژ ـ
غىرىم يازدا گۆش قويۇپ قويغان، ئەمما زادىلا بۇزۇلما ـ



غان. قۇرۇلمىسى ئەلئىبھرامغا ئوخشاش ئۆي سېلىنسا بۇنداق ئۆينىڭ يەر تەۋرەش ۋە باشقا خەتەرلەرگە بەرداشلىق بېرىش كۈچى ئاشىدىكەن. مۇشۇنداق ئۆيدە ياشىسا ئادەم تولىمۇ ئازادە، راھەت ھېس قىلىپ، نېرۋا كېسەللىرى ساقىيىپ قالىدىكەن. كېسەلنىڭ كارىۋىتى ئاستىغا ئېھرامسىمان مودېلنى قويۇپ قويسا كېسەل تېز ساقىيىدىكەن. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن دوپپا باشنىڭ قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاپ، نېرۋىنى ئاسراش، تىنچلاندۇرۇش رولىغا ئىگە بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىشقان»... دوپپا مانا مۇشۇنداق خاسىيەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولغاچقا، ئۇيغۇرلار مۇھەببەتنىڭ نامايەندىسى، ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى بولغان قىز - يىگىتلەرنىڭ تويلۇقىغا دوپپا ئالىدۇ. ئەڭ يېقىن كىشىلىرىگە دوپپا تەقدىم قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار دۆلەت رەھبەرلىرىگە، باشقا دۆلەت، رايون كىشىلىرىگە دوپپا تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىنى ھەم مىللەتنىڭ سىمۋولىنى يارىتىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىگە دوپپا تەقدىم قىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر سىمۋوللۇق كىيىم - كېچەكلىرى ئەتلەستىن تىكىلگەن كىيىملەر بولۇپ، ئەتلەسكىمۇ ئاجايىپ مەزمۇنلار مۇجەسسەملەنگەن. ئەتلەس توغرۇلۇق «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىللىق 6 - سانىدىكى مېھرىئاي مەمتېلى ئىمزاسىدىكى مەخسۇس ئەتلەس توغرىسىدا يېزىلغان «ئەتلەستە جۇلالانغان رەڭلەر دۇنياسى» ماۋزۇلۇق ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان تارىم ئويمانلىقى، ئىلى ۋادىسى ۋە تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقلىرىدىكى بوستانلىقلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشاپ كەلگەن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسي گەۋدىسىمۇ دەل مۇشۇ زېمىندىكى تېرىم مەدەنىيىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭغا يانداش بولغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرى جۇغراپىيىلىك جەھەتتە ئېگىز تاغلار بىلەن چوڭ قۇملۇقلار، پايانسىز يايلاقلار بىلەن قۇرغاق چۆل جەزىرىلەر، ئۆمۈچۈك توردەك دەريا - تاراملار بىلەن يۇلتۇزدەك تارالغان بوستانلىقلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن كۆپ قىرلىق جۇغراپىيىلىك بەلۋاغدۇر. شۇڭلاشقا مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەتلەس خەلقىمىزنىڭ ئۆز يېرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى، گۈزەل تاغ ۋە باغۇ - بوستانلىقلىرىنى، كۆكۈچ لېنتىدەك سوزۇلۇپ ئاققان دەريالىرىنى تۈرلۈك رەڭلەرنىڭ گىرەلەشمىسىدە نەپىس ۋە رەڭدار يىپەك رەختكە كەشتىلىگەن سەنئەت خەرىتىسىدۇر»...

«ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ ئېستېتىكىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار ئوچۇق، جۇلالىق، چاقناپ تۇرىدىغان، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭلەرنى ياخشى كۆرىدۇ ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئوچۇق ۋە قېنىق رەڭلەر مىللىتىمىزنىڭ رەڭ تۇيغۇسىدىكى يۇقىرى ئېستېتىك خاھىشقا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. تەكلىماكان چۆلىنىڭ گىرۋەكلىرىگە ھۆسن قوشۇۋاتقان ئۈزۈك - ئۈزۈك ھالەتتىكى يېشىللىقلار ئەتلەستىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى يىپەك رەختنىڭ رەڭدار جۇلالىرىدا ئىپادىلەنگەن. ئەجدادلىرىمىز ئالتاي، تەڭرىتاغ، قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ قار قاپلىغان چوققىلىرىنى خانئەتلەستە ئىپادىلىسە، قارا، ئاق رەڭلەر گىرەلىشىپ كەتكەن تاغ تىزمىلىرىنى قارا ئەتلەستە ئىپادىلىگەن. دەريا ۋە ئېقىن سۇلارغا تەقلىد قىلىپ دارايى ئەتلەس توقۇغان بولسا، بوزىرىپ ياتقان تەكلىماكان قۇملۇقىنى يىپەكتىن توقۇلغان سۇر، جۇلالىق تۆمۈر كۆك بەقەسەمدە ئىپادە قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا تەشتەك گۈلى، يوپۇرماق، بادام، ئالما، نەشپۈت قاتارلىقلارنىڭ شەكلىنى ئەتلەسكە چۈشۈرۈش ئارقىلىق يۇرتىمىزنىڭ مېۋە - چېۋىلەرگە تولغان بوستانلىقلىرىنى سۈرەتلىگەن. بەزىدە راۋاب، دۇتار شەكىللىرىنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق يۇرتىمىزنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلىگەن. بەزى ئەتلەسلەرگە تارغاق، پۆپۈك، زەرمونچاق شەكىللىرىنى چۈشۈرۈپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بىزەك بۇيۇملىرىنى گەۋدىلەندۇرگەن. بەزىلىرىگە بولسا، ھەرە، قايچا قاتارلىقلارنىڭ شەكىللىرىنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق تۇرمۇش ۋە ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى سەنئەتلىك تەسۋىرلىگەن».

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە ئەنە شۇنداق مەدەنىيەت مۆجىزىسى مۇجەسسەملەشكەن. شۇڭلاشقا مىللىي كىيىم - كېچەكلەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتى سىڭگەن. ئادەتتە، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدىغان مىللىي كىيىم - كېچەكلەرگە ھۆرمەت قىلىش، ئەزىزلەش، باشقىلارغا تەقدىم قىلىش دۇنيادىكى مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەممىسىدە ئۇچرايدىغان نورمال ھادىسە، شۇڭلاشقا 2001 ـ يىلى شاڭخەيدە ئېچىلغان ئاسىيا تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر يىغىنىدا سابىق باش شۇجى جياڭ زېمىن باشچىلىقىدىكى ھەرقايسى دۆلەت باشلىقلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي كىيىمى بىلەن تېلېۋىزور ئېكرانىدا پەيدا بولدى. يىغىنغا قاتناشقان دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ مۇشۇنداق كىيىنىشنى، يىغىننى تەشكىللىگۈچى ساھىبخان دۆلەت بولغان ئېلىمىز كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىغان. ئۆتكەن يىلى مېكسىكىدا ئېچىلغان ئاسىيا تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر رەھبەرلىرى بىرەسمىي يىغىنىدىمۇ، جياڭ زېمىن باشچىلىقىدىكى بارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى مېكسىكىنىڭ ئەنئەنىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئاق كىيىم بىلەن دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدا پەيدا بولدى. مانا بۇنىڭدىن مىللىي مەدەنىيەتنى دىپلوماتىيىگە سىڭدۈرۈش يولى بىلەن ھەرقايسى دۆلەت، رايون، مىللەتلەرنىڭ بىر تەرەپتىن ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقنى، چۈشىنىشنى، بىر ـ بىرىگە بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش مەقسەت قىلىنغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، كېڭەيتىش مەقسىتىگە يېتىش نىشان قىلىنغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

يىراقنى قويۇپ يېقىندىكى گەپكە كەلسەك، موڭغۇل، زاڭزۇلارنىڭمۇ ئەزىز مېھمانلىرىغا خادا تەقدىم قىلىدىغانلىقىنى پات ـ پاتلا تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا، تەشۋىقات رەسىملىرىدە ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.

دېمەك، يۇقىرىقى بىر قاتار سىياسىي، دىپلوماتىيىلىك، ھەرىكەتلەر مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى مەزمۇن قىلىنغان تۈرلۈك پائالىيەتلەردە، مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ ئەڭ يارقىن سىماسىنى نامايان قىلىدىغان مىللىي كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، دەل مۇشۇ پائالىيەتنى تەشكىللىگۈچى ياكى قاتناشقۇچى مىللەتنىڭ ئېڭىدا مىللىي ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت مەڭگۈ بىخلىنىش ھالىتىدە تۇرىدىغان ئۆلمەس ئۇندۇرمىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىدىن بولغان. ئۇنداقتا مانا مۇشۇنداق يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولغان، مىللەتنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە نامايان بولۇۋاتقان دوپپا نېمە ئۈچۈن بەزىلەرنىڭ ئېسىدىن شۇنچە ئاسانلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ؟

ئاز بىر قىسىملارنىڭ نەزىرىدە ئۆلۈمنىڭ بېشارىتى بولۇپ قالىدۇ؟

دەرۋەقە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان مىللىيچە كىيىم ـ كېچەكلىرىمىز «يوقىلىش» گىردابىغا بېرىپ قالدى. ھازىر مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان كىيىم ـ كېچەكلىرىمىز سەھنىلىرىمىزدە، ئارتىسلىرىمىزنىڭ ئۇچىسىدا، يەرلىك، مىللىي ئالاھىدىلىك نامايان قىلىنىدىغان جامائەت سورۇنلىرىدا، چەت، ياقا يېزا ـ قىشلاقلىرىمىزدا، زامانىۋى كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنىڭ ئايرىم تەرەپلىرىدىلا ئاندا ـ ساندا كۆزگە چېلىقىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. لېكىن بۇ خىل «يوقىلىش» ھەرقايسى مەدەنىيەت تەركىبلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى جەريانىدا ئىلغار مەدەنىيەت تەركىبلىرى تەدرىجىي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەشتەك قانۇنىيەتنىڭ ئۈستۈنلۈكى تەرىپىدىن كېلىپ چىققان «يوقىلىش» بولۇپ، بۇنى قانداقتۇر پۈتۈنلەي يوقىلىشقا باراۋەر قىلغىلى بولمايدۇ. بىز دىققىتىمىزنى ئۆزىمىزدىن باشقىلارغا ئاغدۇرىدىغان بولساق، كىيىم ـ كېچەكتىكى مىللىيلىكنىڭ يوقىلىشىغا، ئۇنتۇلۇشقا، سۇسلىشىش ۋە ئازىيىشقا يۈزلىنىشى قانداقتۇر يالغۇز ئۇيغۇر مىللىتىدىكى ھادىسە بولۇپ قالماستىن، بەلكى تەرەققىي قىلىۋاتقان باشقا مىللەتلەرمۇ ئورتاق دۇچ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي ھادىسە ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. كۆپچىلىكنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، دۆلىتىمىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا مۇنداق بىر ئەھۋال كۆرۈلدى. 1987 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 13 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايدا پارتىيىمىزنىڭ 2 ـ ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولغان دېڭ شياۋپىڭ، لى شيەنيەن، پېڭ جېن قاتارلىق مەركەز رەھبەرلىرى يىغىنغا جۇڭسەنچە كىيىم بىلەن قاتناشتى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 ـ ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئەزالىرى بولغان يېڭى بارلىققا كەلگەن مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزالىرى شىم ـ كاستۇم كىيگەن، گالستۇك تاقىغان قىياپەتتە يىغىنغا قاتناشتى. بۇ خىل سېلىشتۇرما كۆرۈنۈش مۇخبىرلارنىڭ ئەڭ دىققەت قىلىش

مەركىزىگە ئايلىنىپ قالماي تېلېۋىزىيە، گېزىتلەردە ئالا-
ھىدە گەۋدىلەندۈرۈلدى. بۇ ئارقىلىق مەركەز رەھبەرلى-
كى پۈتۈن دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات، ئې-
چىۋېتىش يولىغا ئاتلانغانلىقىدەك روھىي قىياپىتىنى نا-
مايان قىلدى. شۇنىڭدىن بۇيانقى ئەھۋالغا قارايدىغان
بولساق دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىنىشىدە زامان-
ۋىلىقتا، يارىشىملىقتا، قۇلايلىق بولۇشتا، غەربلىشىشكە
يۈزلەنگەنلىكىدەك ئومۇمىي يۈزلىنىش نامايان بولدى.
لېكىن پۈتۈن جۇڭگو پۇقرالىرى 50 يىل، ياق، 30 يىل
بۇرۇنقى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كىيىم ـ كېچەكلەرنى
كىيىشنى ئاساس قىلىشقا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان كىيى-
نىش مەدەنىيىتى دەۋرىگە قەدەم باسقان ھازىرقى باس-
قۇچتا يەنە دۆلىتىمىزنىڭ 3 ـ ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېك-
تىپىنىڭ باشلامچىسى بولغان يولداش جياڭ زېمىن شاڭ-
خەيدە ئېچىلغان ئاسىيا تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكار-
لىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلار يىغىنىدا خەنزۇ
مىللىتىنىڭ كىيىنىش مەدەنىيىتىدىكى ئالاھىدىلىك گەۋدى-
لەنگەن كىيىملەرنى يىغىنغا قاتناشقان دۆلەت باشلىقلىرىغا
كىيگۈزۈش ئارقىلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مىللىي مە-
دەنىيەتتىن ياتلىشىش تۈگۈل، روھىيەت ئاسمىنىنى مىللىي
مەدەنىيەت نۇرى بىلەن يەنىمۇ نۇرلاندۇرىدىغانلىقىنى،
مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى نامايان قىلدى. مۇشۇنىڭغا
ئوخشىغان بۈيۈك جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي
قىسمى بولغان مىللىتىمىزنىڭ مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرى-
نىڭ تەدرىجىي شاللىنىشقا يۈزلەنگەنلىكىنىمۇ قانداقتۇر
روھىيەتتىكى مىللىيلىك گېنلىرىنىڭ يوقالغانلىقىدىن، شۇ
سەۋەبلىك مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ بەلگىسى بولغان مىللىي
كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنىڭ يوقىلىشقا يۈزلەنگەنلىكىگە با-
راۋەر بولالمايدۇ. چۈنكى، مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىمىز-
گە ئۇيغۇردىن ئىبارەت بىر مىللەتنىڭ پارلاق مەدەنىيىتى،
ئېتىقادى، مىللىي روھىيىتى، ئۇزاق تارىخى، يۇرۇش - -
تۇرۇش، چىراي خاسلىقى قاتارلىق بىر قاتار مەزمۇنلار
مۇجەسسەملەشكەن. شۇڭلاشقا بۇ يەردىكى يوقىلىش ئۆ-
زىمىزنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى، مىللىي مەدەنىيەت پىسخى-
كىمىزغا ئۇيغۇن بولغانلىرىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا،
باشقا مەدەنىيەت تەركىبلىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى قوبۇل قىلى-
شىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ، دەيمىز. بۇ يەردىكى باشقا
ئىلغار مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىشىمىزنىڭ بەك
تېز بولۇپ كېتىش مەسىلىسى خەلقىمىزنى گاڭگىرىتىپ
قويىدۇ. لېكىن مىللىي كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىزدىكى
ئىلغار تەرەپلەر يەنىلا يۇلتۇزدەك پارلاپ تۇرماقتا. مە-
سىلەن: دوپپا، ئەتلەستىن تىكىلگەن كىيىملەر، ساغلاملىق
ۋە تېبابەتچىلىكنىڭ قانۇنىيىتى نۇقتىسىدا بارلىققا كەلگەن
بەزى كىيىنىش ئادەتلىرىمىز، زامانىۋى كىيىملەرنىڭ ئو-
مۇمىي شەكلىگە سىڭدۈرۈلگەن مىللىيلىك ئارقىلىق مىللىي
ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن كىيىملەر دەل شۇنىڭ
جۈملىسىدىندۇر. مۇشۇنداق بولغاچقا دوپپا، ئەتلەستىن
تىكىلگەن كىيىملەر، كانۋاي كۆڭلەك قاتارلىقلارنىڭ ئۇي-
غۇرلارغا ئاتا قىلغان گۈزەللىكى ۋە لاتاپىتىنى باشقا
ھەرقانداق زامانىۋى ھەم مودا كىيىملەر مەڭگۈ ئاتا قىلا-
لمايدۇ.

بىز يۇقىرىقىدەك پاكىتلار ئالدىدا كىيىنىش ئادىتى-
مىزنىڭ ئىلغارلىقلىرىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا، تاكامۇ-
ۇللىشىشقا، زامانىۋىلىشىشقا ئومۇمىيۈزلۈك بۇرۇلغانلىقى-
دەك رېئاللىقنى چوڭقۇر ھېس قىلماي تۇرالمايمىز.

---

(ئاپتور: «تۇرپان گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2003 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ئالاقىلاشقۇچىلار: **ئەسقەر مەخسۇت، خۇرسەنئاي مەتىمىن**

تېلېفون: 4554017 (0991)

www.uyghurkitap.com





# تارىم ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسىنى قوغداش بىلەن ئۇيغارلىق (مەدەنىيەت) ئەنئەنىسىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى توغرىسىدا

ھەدىيە مۇھەممەد



*ھەدىيە مۇھەممەد، دوكتور. يېقىنقى يىللاردىن بېرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى ۋە يەرلىك مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئۇ ھازىر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ دوكتور ئاشتىسى. ئىلگىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، كېيىن ئامېرىكىغا ئوقۇشقا چىقىپ، ئامېرىكىنىڭ ئوكلاھوما شتاتى بايىست ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل تەكلىپلىك پروفېسسور بولغان. بۇ جەرياندا ئۇ جۇڭگودىكى تىللار ۋە مەدەنىيەتتىن دەرس بەرگەن.*

*ئۇنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيە تېمىسى: «مەدەنىيەت ۋە تەبىئەت: ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيە ئېتىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات». بۇ تېما دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى زور ۋەزىپىلەرنى ۋە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئىلمىي نۇقتىدىن جەمئىيەت ۋە دەۋرنىڭ فولكلور ئىلمىغا بولغان ئېھتىياجىغا جاۋاب بەرگەن. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە روناق تاپتۇرۇش، غەربىي رايوننى ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ۋە ئېكولوگىيىنى قوغداش بىلەن ئىقتىسادنىڭ ماس قەدەمدە ئىلگىرىلىشىنىڭ نەزەرىيە تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان.*

مۇھىت ــ كۆپ قاتلاملىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاتالغۇ. مۇھىت ئادەتتە: (1) تەبىئىي مۇھىت؛ (2) سۈنئىي مۇھىت؛ (3) مۇھىتنىڭ كۆلىمى، دەپ ئۈچ قىسمغا بۆلۈنىدۇ.

تەبىئىي مۇھىت ــ رايون ۋە جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكنى يەنى مۇھىت شارائىتى، ئۆسۈملۈك، ھايۋانلارنى

كۆرسىتىدۇ.

سۈنئىي مۇھىت—كىشىلەرنىڭ مۇھىتنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىنكى نەتىجىسىنى، مۇھىت كۆلىمى — ھەر خىل كۆلەم ۋە قاتلاملارنى كۆرسىتىدۇ.

مۇھىتنى قوغداش ئېڭى كىشىلەرنىڭ تەبىئىي مۇھىتقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر.

بۇ ئاڭ ئەسىرلەردىن بېرى ۋارىسلىق قىلىنىپ كېلىنگەن تەجرىبىلەرنى ئۆزىگە ئاساس قىلىدۇ. بۇ تەجرىبىلەر مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللىنىدۇ. مىللەتلەرنىڭ مۇھىتنى قوغداش ئېڭى ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەتلەرنىڭ بىلىم خەزىنىسىدىن ئىبارەت. بۇ ئاڭدا خەلق ئىچىدىكى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋەت چۈشەنچىلىرى، شۇ مۇھىتتا ئېلىپ بارغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرنىڭ بەلگىلەنگەن ـ بەلگىلەنمىگەن قائىدىلىرى جۇغلانغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، يۈكسەك مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە.

مۇھىت قارىشى بىر مىللەتنىڭ (تەبىئىي مۇھىت) قاتارلىق تەرەپلەرگە تۇتقان ئەنئەنىۋى قاراشلىرى ۋە مۇھىتنى قوغداشتىكى ھەر خىل چۈشەنچىلىرى، شۇنداقلا مۇھىتنى قوغداش ئۈچۈن قوللانغان ھەر خىل تەدبىرلىرى قاتارلىق ئامىللاردىن تەركىب تاپىدۇ. ھەرقانداق مىللەتنىڭ مۇھىت ئېڭى ئالدى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ ئەڭ ئاساسىي تەبىئىي ھاياتلىق مۇھىتى ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئۆزگەرتىش پائالىيەتلىرىنى، ھاياتلىق كۈرەشلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. بىراق، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتە ئەڭ روشەن ئەھۋال شۇكى، بۇ خىل مۇھىت ئېڭى ئادەتتە دائىم ماددىي ھالەتتە ئىپادىلەنمەيدۇ. ئۇنىڭغا بىر يۈرۈش مەنىۋى ئامىللار ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى تەشكىللىگۈچى تەركىبلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ. دەل مۇشۇ ماددىي تۇرمۇش ئىستەكلىرى ۋە بۇ ئىستەكلەرگە يۇغۇرۇلغان مەنىۋىيەت تەركىبلىرى بىر مىللەتنىڭ مۇھىت ئېڭىدىكى تارىخىي بىردەكلىككە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

تارىم رايونىدا ياشاۋاتقان مىللەتلەر ۋە توپلار ئۇزاق يىللىق تارىخىي پائالىيەتلىرى جەريانىدا ئۆزلىرى ياشاپ كەلگەن تەبىئىي مۇھىت ـتارىم دەرياسى ۋادىسىدا ھەر خىل مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى قالدۇردى. يەنى ئۇلار ئالاھىدە تەبىئىي مۇھىتقا ماسلىشالايدىغان مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈردى. ئۇلار تەبىئىي مۇھىتقا ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئادىمىيەتلىك مۆھرىنى باستى، شۇنداقلا تەبىئىي مۇھىتقا مۇئەييەن مەدەنىيەت مەزمۇنى ئاتا قىلدى. مۇھىتقا مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل ئۇقۇم ۋە ئېتىقادلار ئاساسىدا ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇھىتقا ئۆزگىچە چۈشىنىش ۋە تونۇشلىرىنى شەكىللەندۈردى. ئۇلار مۇھىتنى قوغدايدىغان قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە چارە ـ تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ قائىدە ـ تۈزۈملەر ئەسىرلەردىن بېرى ئەۋلادلارغا مىراس بولۇپ ئاخىرقى ھېسابتا تەرەققىي قىلىپ مۇقىم ئەنئەنە بولۇپ شەكىللەندى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تارىم رايونىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتە ياشاش مۇھىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك نېگىزلىك چۈشەنچىلەر، چۈشەندۈرۈشلەر ھەممىدە مۇھىتنى قوغداش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسىنى قوغداشتىكى ئىنتايىن مۇھىم مەزمۇنلاردۇر.

تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا قانۇن ـ تۈزۈم، مەمۇرىي چارىلەر، ئىقتىسادىي تەدبىرلەرگە تايىنىپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى ئىجتىمائىي تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلاشقان، شۇنداقلا مۇھىت ئاسراشقا پايدىلىق يېڭىچە ئېكولوگىيە ئېتىكا قارىشىنى تۇرغۇزۇش ئىنتايىن زۆرۈر. بۇنداق يېڭىچە ئېكولوگىيىلىك ئېتىكا قارىشىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى كىشىلەرنىڭ رېئال مۇھىت مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشىگە موھتاج بولۇپلا قالماي، بىزنىڭ يەنە بىر قىسىم مۇنەۋۋەر خەلق مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى سىستېمىلىق، چوڭقۇر قېزىپ ئۇنىڭغا تايىنىشىمىزغا موھتاج.

ئۇيغۇر بوستانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، يەنى ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۇستىدە توختالغاندا، بارلىق تېرىمچىلىق تىپىدىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى چوقۇم ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قىزغىن ئۆزگەرتەلەيدىغان بولۇشى، ئىنسانىيەتنىڭ ياشاش پائالىيەتلىرى ئالاھىدە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بىلەن ماسلاشقان بولۇشى كېرەك. ئۇيغۇرلار بوستانلىق، ئېكىنچىلىق، چارۋىچىلىق مەدەنىيەت تىپىدىكى مىللەت. ئۇيغۇرلار يا-

شاۋاتقان تەبىئىي مۇھىت قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق رايونغا مەنسۇپ، مۇشۇ ناچار تەبىئىي مۇھىتتا ئۇيغۇرلار قۇم ۋە قۇرغاقچىلىق بىلەن قەيسرانە ئېلىشىپ، ئۆزگىچە بوستانلىق، ئېرىمچىلىق مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار ئېكىنچىلىق، چارۋىچىلىق تىپىدىكى مەدەنىيەت مۇھىتىدىن تولۇق پايدىلانغان ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشقان. مۇئەييەن مەنىدىن ئېيتقاندا، تارىم بوستانلىقلىرى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تەبىئەتتىن ئورتاق پايدىلىنىپ، مۇھىت بىلەن بىر گەۋدە بولغان تەبىئىي مۇھىت بىلەن ماسلاشقان بوستانلىق مەدەنىيەت ئىختىراسى. ھاياتلىقنى قەدىرلەش، تەبىئەتنى ئۇلۇغلاشتەك تەبىئەت قارىشى ئەسىرلەردىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بويان ۋارىسلىق قىلىنىپ، راۋاجلىنىپ، ئۆزگىرىپ بۈگۈنگىچە كەلگەن. ئېكولوگىيە فولكلورى ئۇيغۇر بوستانلىق مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. كۈچلۈك ئېتىقاد ۋە روشەن ئەمەلىيەتچانلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئالاھىدىلىك ئۇيغۇر ئېكولوگىيە فولكلورىنىڭ بىلىم، ھەرىكەت قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسى سۈپىتىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپلا قالماي، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىگىمۇ سىڭىپ كەتكەن. ئېكولوگىيە فولكلورى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر خىل ئېتىقاد دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. يەنى ئۇ، بارلىق ھاياتلىقنىڭ ئەڭ نېگىزلىك ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى مەنىۋى ئېتىقاد، بوستانلىق مەدەنىيىتى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ئېتىقاد. بوستانلىق مەدەنىيىتى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ناچار تەبىئىي مۇھىتتا ئادەم بىلەن بوستانلىقنىڭ يوشۇرۇن مۇناسىۋىتىدىكى بوستانلىق فولكلور مەدەنىيەت شەكلىنى ياراتتى. بۇ خىل يەرلىك ئېكولوگىيىلىك ئېتىكا قائىدىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ مۇستەھكەم، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە كىشىلەرنىڭ ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش ئۇسۇلىغىمۇ بىرلىشىپ كەتكەن بۈيۈك كۈچتۇر. تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەتنى باغاشلاش، تەبىئەتنى ئاسراش، تەبىئەتنى قوغداش خەلقىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى فولكلور مەدەنىيىتى، ئېتىقاد، ئىشەنچلىرى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ئەسىرلەردىن بېرى ھاياتىي كۈچىنى يوقاتماي ياشناپ كەلمەكتە. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىشى بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى. ئادەم بىلەن بوستانلىقنىڭ بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىشى، ئورتاق ياشاش، ئورتاق گۈللىنىش مۇناسىۋىتى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرىدۇر.

ئېكولوگىيە فولكلورى ئۇيغۇر بوستانلىق فولكلور مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. كۈچلۈك ئېتىقاد ۋە روشەن ئەمەلىيەتچانلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئالاھىدىلىك ئۇيغۇر ئېكولوگىيە فولكلورىدىكى بىر خىل بىلىم، ھەرىكەت قائىدىسىنىڭ يىغىندىسى سۈپىتىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى بىلەن ئۆزئارا باغلىنىدۇ. بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭگەن. ئېكولوگىيە فولكلورى ھاياتقا بولغان كۆيۈنۈش ئېتىقادى بولۇپ، بارلىق جانلىقلارنىڭ ئەڭ نېگىزلىك ئەھمىيىتىگە بولغان مەنىۋى ئېتىقاد. ئۇ ئاۋامنىڭ ئادەم بىلەن تەبىئەت مۇناسىۋىتىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىگە سىڭىپ، ئۇلارنىڭ تونۇشى، چۈشەنچىسى، ئىرادىسى ۋە ئېتىقادىغا يۇغۇرۇلۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ خىتابىغا ئايلانغان.

بوستانلىقتىكى ئۇيغۇرلار نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا سىڭىپ كەتكەن ئەقىل ـ پاراسەت، ئىقتىدار، ئېتىقاد، ئۆرپ ـ ئادەت، گۈزەللىك قارىشى قاتارلىقلارنى ياراتتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. شۇنداقلا بۇ قىممەتلەرگە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى، ۋاستىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەتراپىدىكى مۇھىتقا ئۇيغۇنلىشالايدىغان مەدەنىيەت سىستېمىسىنى ياراتتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. دەل مۇشۇنداق ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى، دەپ ئاتاشقا ئەرزىيدىغان مۇنەۋۋەر ئەنئەنە بولغاچقا، ئۇلار ئۆز ماكانى بولغان بوستانلىقنىڭ مۇكەممەل ھالىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ كەلدى.

ئۇيغۇر بوستانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسى باش تېما قىلىنغان تارىم بوستانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسى «تەبىئەتنى تونۇش، تەبىئەتكە ماسلىشىش، تەبىئەت بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش» چۈشەنچىسى يېتەكچى قىلىنغان مەدەنىيەت ئۇلانما گەۋدىسى. ئۇ تەبىئەتنى تالان ـ تاراج قىلىش، ۋەيران قىلىش، بۇزۇش، نەپسىنى خالىغانچە قويۇۋېتىش، تەبىئەتنى، بايلىقلارنى قۇرۇتۇشتەك كالتە

پەملىكىنىڭ ئەكسىچە (بۇ سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىنسانلار يەر شارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېلىپ بارغان، يىراقنى كۆرەر ئاقىللارنى ئازابلىغان، مەنپەئەت ئۈچۈن تەبىئەتنى تالان ـ تاراج قىلىش، كۆلنى قۇرۇتۇپ بېلىق تۇتۇشتەك كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا كۆزلەيدىغان، يىراقنى كۆرەلمەسلىك قارىشىنىڭ ئەكسى) ئۇ، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە ماسلىشىپ، تەبىئىي بايلىقلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، مۇشۇ خىلدىكى مەدەنىيەت ئەمەلىي مەنىۋى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە تەبىئەتكە، مۇھىتقا بولغان بۇزغۇنچىلىق تولىمۇ چەكلىك ياكى يوق دېيەرلىك، يەنى تەبىئەت قوبۇل قىلالىغۇدەك، كۆتۈرەلىگۈدەك دائىرىدە بولىدۇ. شۇڭا تەبىئەتكە، مۇھىتقا زور زىيان كەلتۈرمەيدۇ. مانا بۇ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى تارىم بوستانلىقىدىكى يېشىللىقنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ، ھاياتىي كۈچكە تولغان تارىمنى بۈگۈنگە يەتكۈزەلىگەنلىكىنىڭ سىرى.

تارىخنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بوستانلىق مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرغۇچى بولساق، ئىنسان بوستانلىق ـ تەبىئەتتىن ئىبارەت بۇ ئەبەدىيلىك زەنجىرىنىڭ پەقەت بىر ھالقىسىدۇر، ئۇ پەقەت بوستانلىقتىلا راۋاج تاپالايدۇ، دېگەننى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلىشىمىز لازىم.

بوستانلىق مەدەنىيلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى روناق تاپتۇرۇش مەسىلىسىنى بىرلىكتە ئويلىشىشنى، تارىم رايونىدىكى ئادەم بىلەن تەبىئەت مۇناسىۋىتىدىكى مەدەنىيەت مىراسلىرى مەسىلىسىنى كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق ئويلىنىشىنى ئارزۇ قىلىمەن، بۇ، تارىم ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى ئۈنۈملۈك قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە بەكمۇ مۇھىمدۇر.

مېنىڭچە، بىر رايوننىڭ تەرەققىياتىدىكى ئويغارلىققا باھا بېرىشتە ئىككى تەرەپنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك. ئۇنىڭ بىرى، شۇ رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدىمۇ ـ يوق؛ ئىككىنچىسى، شۇ رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ سىجىل يۈكسىلىشىگە پايدىلىقمۇ ـ يوق، دېگەنلەرگە قاراش كېرەك. ئالدىنقىسى ئۇنىڭ چوقۇم شۇ رايوننىڭ تەبىئىي مۇھىتقا ماسلىشىشنى شەرت قىلسا، كېيىنكىسى مىللىي ئەنئەنىنى ئاساس قىلغان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا بۇنداق «ئىلغار» ئويغارلىقنىڭ بىر تەرىپى چوقۇم «ماسلىشىش» مەدەنىيىتى، يەنە بىر تەرەپى چوقۇم «ۋارىسلىق» مەدەنىيىتى بولۇشى كېرەك.

بۇ، تارىم رايونىدا بوستانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ جەۋھىرىگە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

مېنىڭچە، تارىم رايونىدىكى بوستانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى تەتقىق قىلىش، بوستانلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش مەسىلىسى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى كېرەك. شۇنداقلا بۇلار تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسىنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈلۈشى كېرەك. تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسىنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى تۈرلۈك تىرىشچانلىقلار ئىچىدە كۆز ئالدىمىزدىكى جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، تارىم رايونىنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيە فولكلورىنىڭ مەنىۋى بايلىقلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئارقىلىق، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەش، ياشاش ماكانى، ھەرىكەت سىستېمىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئېكولوگىيە بىلىملىرىنى، خەلق ئىچىدىكى قائىدە، چەكلىمىلەرنى، مەنىۋى ئېتىقاد ۋە ئېستېتىكا خەلق ئىچىگە چوڭقۇر سىڭگەن ئىلىم ـ پەن مەدەنىيەت ئاساسىي مېلودىيىسىنىڭ (ئېقىنىنىڭ) سىرتىدا قالغان ئومۇمىيۈزلۈك، تولۇق، مۇكەممەل، سىستېمىلىق رەتلىنىپ ۋە تەتقىق قىلىنماي قالغان ئېكولوگىيە فولكلور مەدەنىيەت بايلىقىنى قېزىپ، قۇتقۇزۇپ، ئىلمىي نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئىنچىكە دەلىللەپ، پەيدىنپەي سىستېمىلاشتۇرۇش ۋە نەزەرىيىلەشتۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا بوستانلىق مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغىلى ھەمدە ئەۋلادلىرىمىزغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

بۇ تارىخىي خاراكتېرلىك ئىلمىي بۇرچ ئالدىدا سۈكۈت قىلىش ۋىجدانسىزلىقتۇر.

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# «ئادەمنى ئاساس قىلىش»قا بىر نەزەر





ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى پىرېزىدېنتى كىچىك بۇش تەختكە چىققاندىن كېيىن، كارون. ھۇس ئىسىملىك بىر مەسلىھەتچى ئايال ئۆزىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسىپىنى تاشلاپ، بالىلار باغچىسىغا بېرىپ تەربىيىچى بولۇپ ئىشلەپتۇ، ئۆز كەسپىنى شۇنداق ئۆزگەرتكەنلىكىدىن ھۇزۇر ئېلىپ، ناھايىتى مەغرۇرلىنىپتۇ. ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئەزاسى بىلەن بالىلار باغچىسىنىڭ تەربىيىچىسى ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدە ئوخشاش بىر ئىش. بۇنداق ئەھۋالنىڭ بىزنىڭ جۇڭگودا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بارمۇ؟ بۇ ئەھۋالدىن شۇنداق بىر خىيال پەيدا بولىدۇكى، «ئادەمنى ئاساس قىلىش»تا ھەممىدىن ئاۋۋال ئادەمنىڭ ئادەملىك ئىززەت ـ ئابرۇيىدا، ئادەملىك ھەق ـ ھوقۇق جەھەتتە تەڭ ـ باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش شەرت؛ تەبىقە ـ دەرىجە ھېسسىياتلىرىدىن قورقماي تۇرۇپ، «ئادەمنى ئاساس قىلىش» كېرەك، دەپ جار سېلىشنىڭ قانچىلىك ئەھمىيىتى بولار.

خېنەن ئۆلكىسى شىنيې ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ بىر خىزمەتچىسى: «باشلىق بولغان ئادەم باشقا ئادەملەرنى ئادەم قاتارىدا كۆرۈشى كېرەك، باشقىلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەر ئۆزىنى ئادەم قاتارىدا قويۇشى كېرەك» دەپتۇ. قاراڭلار، بۇ نېمىدېگەن ۋەزنىلىك، نېمە-دېگەن چوڭقۇر مەنىلىك گەپ! بۇ گەپتىكى ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيىسى بەزى ئەمەلدارلارنىڭ ھەشەمەتلىك يوغان گەپلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئاقىلانە ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن؟! «ئادەمنى ئادەم قاتارىدا كۆرۈش»نىڭ ئۆزى «ئادەمنى ئاساس قىلىش»نىڭ ھۇلى ھەم مەنبەيى. «مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش» (بۇ ئىبارە ھازىر مەتبۇئاتلاردا «ئىللىقلىق يەتكۈزۈش» دەپ قوللىنىلىۋاتىدۇ. «ئىللىق» دېگەن سۆز مۇتلەق كۆپ شارائىتتا، «قىزىق»تىن ھەتتا «ئىسسىق»تىنمۇ «سوغۇقراق» بىر ھارارەت دەرىجىسىنىلا بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىبارىدە گەپ پارتىيىنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ غېرىب ـ غۇرۋا، يېتىم ـ يېسىر، يۆلەنچۈكى يوق، ئاجىز، مېيىپ، پېقىر، كەمبەغەل، ئەھۋالى تەڭ ئادەملەرگە مەرھەممەت بىلەن مېھرىبانلىق، خەيرىخاھلىق، شەپقەت، ياردەم قىلغانلىقى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئامىمىنىڭ چۈشەنچىسىنى مۇجمەللەشتۈرۈپ، «ئىللىقلىق يەتكۈزۈش» بىچارىلەرنىڭ «ئالدىرى-

فىنىغا ئالدىراش» دېگەندەك غەلىتە سۆزلەرنى قوللىنىش ئورنىغا ئاما ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن ئەنئەنىۋى سۆزلەرنى قوللانساق ياخشى ئەمەسمۇ؟ دەپ ئويلايمەن تەرجىماندىن ئىزاھات). پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرىغا قىلغان غەمخورلۇقىنى بىلدۈردى، ئادەملەردە بولىدىغان ھېسداشلىق ۋە ئەخلاق - پەزىلەتنىمۇ نامايان قىلدۇ. بۇنىمۇ ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيىسى، دەپ قارىساق بولىدۇ. لېكىن ھەممە ئادەمنى ھوقۇق، مەجبۇرىيەت ۋە ئىززەت - ئابرۇيىدىن ئوخشاش بەھرىمەن قىلىش ھەممىدىن مۇھىم ئىش؛ يۇقىرانى ماددىي جەھەتتە باياشات قىلىش، مەنىۋى جەھەتتە كۈچلۈك قىلىش، مانا بۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ «ئادەمنى ئاساس قىلىش» دەيدىغان ئارزۇ - ئارمانىنى سىجىل ئەمەلگە قويىدىغان ۋەزىپىسىدۇر.

شەھەر بىلەن يېزىنىڭ پەرقى داۋاملىق چوڭىيىپ كېتىۋاتقان، كەمبەغەل بىلەن باينىڭ پەرقى داۋاملىق كېڭىيىپ كېتىۋاتقان شارائىتتا، مەلۇم يەرلەردە مەلۇم رەھبەرلەر ئەنە شۇنداق «پەرق»لەردىن پايدىلىنىپ، دېھقانلارنى بولۇشچە شۇلۇۋاتقان ۋە پەقەت ۋەزىپە تاپشۇرۇش، كۆرسەتمە بېرىش، ھۆججەت چۈشۈرۈش، پەتۋا تېپىش بىلەنلا بولۇپ كېتىۋاتقان، دېھقانلار بولسا يەنە ئىلگىرىكىدەكلا «تۆكۈلگەن تەرلىرى بىلەن يەر تېرىپ، كۆزلىرىگە ياش تولغان ھالدا ئاشلىق سېتىپ» جان بېقىۋاتقان بىر ۋاقىتتا «ئادەمنى ئاساس قىلىش» دەيدىغان يوغان گەپلەرنىڭ قانچىلىك قىممىتى بولسۇن؟!

ھازىرقى كۈندە يۇقىرىلار ئىشقا ئورۇنلىشىشتا خىلمۇ خىل چەكلىمىلەرگە يەنى خورلۇقلارغا ئۇچرىماقتا، مەسىلەن، دىپلوم، تەرجىمىھال، جىنسى، نامۇشەرىپى، بوي - بەستى، چىراي - تۇرقى ۋەھاكازا. ھەتتا بەزى يەرلەردە: ئادەم ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارنىڭ باشقا يۇرتلاردىن كەلگەن مەدىكارلارنى ئىشقا ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، باشقا يۇرتلاردىن ئەمگەكچى ئېلىش ئىشخانىلىرى ۋە شۇنداق ئورگانلارنىڭ ئۆز يۇرتىغا مەدىكار ئېلىپ ئەۋەتىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ... دەيدىغان بەلگىلىمىلەرنىمۇ چىقارغان. مۇشۇنداق مەنئى قىلىش ئەمر - پەرمانلىرى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتتىكى خورلۇقلار ئالدىدا «ئادەمنى ئاساس قىلىش»نىڭ قانچىلىك ئەھمىيىتى بولۇر!

«دەرىجە ئاتلاپ يۇقىرىغا داد ئېيتىدىغان جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرەيلى» دېگەن سۆزلەر بەزى يەرلەردە تاملارغا ئاشكارا يېزىلغان چوڭ شوئار بولۇپ قالغان. يۇقىرىغا دەرد - ھالىنى ئېيتىش، مەسىلىلەرنى ئىنكاس قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولمىغان يەردە، «ئادەمنى ئاساس قىلىش» دەيدىغان گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈش نېمىگە ئەسقاتار؟

بەزى ئەدلىيە خادىملىرى دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھېلىمۇ قىيناپ سوراق قىلىشنى، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇشنى مۇھىم ۋە ئەپچىل دەستەك قىلىپ يۈرمەكتە. بۇنداق ئىشلارنى يوقاتماي، «جىنايەت گۇماندارى»نىڭ بېشىغا خالتا كىيدۈرۈپ قويۇش، سوتچىلار سوراق ئۈستىدە ئۇچىسىغا سوت كىيىمى، بېشىغا يۇڭ تەلپەك كىيىش، ھەتتا سوراق ۋاقتىدا ئۈستەلگە ھەيۋە پالىقى ئۇرۇش - مانا بۇلار تولىمۇ كۈلكىلىك ئىش ئەمەسمۇ؟

ئاخبارات ۋاستىلىرىدا دائىم «ئېگىز بىنادىن ئۆزىنى تاشلاش نەيرىڭى»، «جاندىن كېچىش نەيرىڭى» دەيدىغان سۆزلەرنى ئۇچرىتىپ قالغىنىمىزدا تولىمۇ بىئارام بولىمىز. مەدىكار يىلبويى جاپا چېكىپ ئىشلەپ، ئاخىر بىر تىيىنمۇ ئىش ھەققى ئالالمىغاندا، ئەل - جامائەتنىڭ رەھىمىگە ئېرىشىش، خوجايىنىنى «ئىنساپ»قا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ئېگىز بىنادىن ئۆزىنى تاشلاش، جاندىن كېچىش ۋاستىلىرىنى قوللىنىدۇ. بۇلار ئىلاجسىزلىقتىن بولىدىغان ئېچىنىشلىق ئىش، بۇنىڭدا بىرمۇنچە دەرد - ھەسرەت ۋە كۆز يېشى بار تۇرسا، بۇنداق ئەھۋالنى قانداقمۇ «نەيرەڭ» دېگىلى بولسۇن؟ «ئادەمنى ئاساس قىلىش كېرەك»، «ئىنسانىي غەمخورلۇق قىلىش» كېرەك، دەپ داۋراڭ سالىدىغان بەزىلەرنىڭ ۋىجدانى، ئىنساۋى نەگە كەتكەندۇ؟

---

يالڭ خۇڭلى ئىمزالىق بۇ ماقالە «فېليەتون گېزىتى»نىڭ 2004 - يىلى 2 - ئاپرېل سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

**توختى باقى ئارتىشى**

**مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى

● ئۆزىگە ئۇز، ئۆزگىگە سەت.

● مۇت - زەھەر بولسىمۇ يۇت.

● موللا بىكار، سىپامۇت؛ ئېشەك بىكار، تاغار مۇت.

● بوزچىنىڭ كىيىمى يوق، خارەتنىڭ ئۆيى (يوق).

● خارەت كۆزدىن قورقىدۇ، قارىغۇ تۆزدىن (قورقىدۇ).

● چامغۇر، زەدەك يەر ياراتماس، ئەسكى خوتۇن ئەر (ياراتماس).

● كەتمەننى بەك چېپىڭ، باغدا ئېچىلسۇن تەكلىك؛ تاشنى قاتتىق ئېتىڭ، تاغدا يىقىلسۇن كەكلىك.

● قورساق بىلەن پوقاققا ئاۋۇي يوق.

● ئەخمەق بىلەن تويغا بارغۇچە، ئەقىللىق بىلەن چاۋار تەر.

● تاما - تامانىڭ تۆۋى كاما.

● ئالدىرىغان يولدا قالار، ماڭغىلىغان ئۆيىگە بارار.

● ئايدا كەلگەنگە ئاياغ، كۈندە كەلگەنگە تاياق.

● ئوغلۇڭنى ئاچ قويما، قىزىڭنى باشتاق.

● دۇتاردا مەشرەپ بولماس، داڭقاندا قوتۇماق.

● ئۆجمە يەپ لاغاي بولۇر، ئۆرۈك يەپ گاداي.

● تاشقا تاش تەگسە چېقىندار.

● ئەتىگەن ئۇڭمىغان، كەچ ئوڭماس.

● سامان ئارىلاشمىسا لاي بولماس، هارام ئارىلاشمىسا باي بولماس.

● دەرەخنىڭ مېۋىسى تەنگە قۇۋۋەت، بىلىمنىڭ مېۋىسى ئەلگە (قۇۋۋەت).

● دۇتار تارىسى ساتاردا يوق، بىلىمسىز كىشى قاتاردا (يوق).

● بىلىملىك يەم بىلەن ئۆتەر، بىلىمسىز غەم بىلەن (ئۆتەر).

● ئادەم ئالدىنىدۇ مالغا، قۇش ئالدىنىدۇ دانغا.

● بىلىملىك پاراغەتتە ئۆتەر، بىلىمسىز خۇشامەتتە (ئۆتەر).

● قېرى قۇشقاچ كېپەككە ئالدانماس.

● ئات ئايىغان ئاتقا مىنەر، كىيىم ئايىغان تون كىيەر.

● سۇنايغا بېقىپ داپ ئۇر، ئۇسسۇلغا بېقىپ لاپ (ئۇر).

● تاياق گۆشتىن ئۆتەر، تىل سۆڭەكتىن (ئۆتەر).

● شاتىراق لاي سۇۋاق بولماس، پور ياغاچ تۇۋاق بولماس.

● چاشقان باقسالڭ تاغىرىڭ تۆشۈك بولۇر.

● يولۋاسنىڭ ساغرىسىنى سىلاش ئۈچۈن ئاۋۋال خۇيىنى بىل.

● يولۋاس ۋەھشى بولسىمۇ، بالىسىغا قەست قىلماس.

● بېگىم چىقتى ئۆردىسىدىن، قورقۇپ كەتتىم دورغىسىدىن.

● هاراقنى تاشلاي دېسەڭ، مەستىنىڭ قىلىقىنى كۆر.

● يىراق بولسىمۇ تۈز يول ياخشى، چولاق بولسىمۇ ئۆز قول ياخشى.

توپلىغۇچى: نۇرىمانگۇل مامۇت (مارالبېشى ناهىيىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن)

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى

ئالدىنقى ساندىكى مۇقاۋىدىكى سۈرەتنى ۋە بۇ ساننىڭ ئىچ بەتلىرىدىكى قىسمەن سۈرەتلەرنى ئۆركەش جاپپار تەمىنلىگەن

مىراس ژۇرنىلى

# ئۇيغۇر سېھىرگەرلىك چۆچەكلىرىنىڭ ئاساسىي خاراكتېرى



ئوسمان ئىسمائىل تارىم

چۆچەكلەر خەلقئارادا كەڭ تارقىلىدىغان، كۆپ ۋارىيانتلىق بولغاچقا، ئۇنىڭ مىللىي خاراكتېرى ئانچە روشەن بولمايدۇ. چۆچەكلەرنى تەتقىق قىلغان كۆپلىگەن ئالىملار ئۇنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى ئېنىقلاپ چىقىشنىڭ ئىنتايىن مۇشكۈل ئىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن، ھەتتا بەزى ئالىملار چۆچەكلەردە مىللىي خاراكتېرنىڭ بولۇشىغا گۇمانىي كۆز قاراشتا بولغان. چۈنكى دۇنيا فولكلورشۇناسلىرى بىر يېرىم ئەسىردىن بېرى چۆچەكلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ھازىرغىچە كۆپ سانلىق چۆچەكلەرنىڭ مىللىي تەۋەلىكى ئېنىقلانغىنى يوق. مەلۇم بىر چۆچەكنىڭ ئەڭ ئاۋۋال قەيەردە پەيدا بولغانلىقى، قايسى چاغدا قانداق ئۇسۇل بىلەن باشقا جايلارغا تارقالغانلىقى، ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنىڭ قانداقلىقى، كېيىن قانداق زامان ۋە ماكان ئۆزگىرىشلىرىگە ئىگە بولغانلىقى ھەققىدە كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان ئىسپاتلىق پاكىتلار ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى يوق. ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىنىڭ ھەممىسى تېخىچە بىر خىل پەرەز باسقۇچىدا تۇرماقتا.

چۆچەكلەرنىڭ مەنبەسىنى ئېنىقلاش ئۆتكەن ئەسىردىلا فولكلورشۇناسلار دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولغانىدى. گېرمانىيە ئالىمى ۋىلھېلم گرىم (Wilhelm Grimm) بىر قىسىم چۆچەكلەرنىڭ پەيدا بولغان جايىنى ئېنىقلاپ چىقىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، بۇنداق چۆچەكلەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسەتمىگەن ئەھۋالدا، مۇستەقىل تۈردە پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەزەلدىن ھېچقانداق ئالاقىدە بولۇپ باقمىغان ئىككى مىللەتنىڭ چۆچەكلىرى نېمە ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە شۇنچىۋالا ئوخشاپ كېتىدۇ؟ گرىمنىڭ كۆز قارىشىچە، ئىنسانلاردا ئورتاق پسىخىكا بولىدۇ، ئۇلار ئۆز ئەتراپىدىكى بىر قىسىم شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئوخشاش ئىنكاس قىلىدۇ، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تەسىر كۆرسەتكەن زور ئىشلارمۇ ئۇلاردا ئوخشاش كۆز قاراشلارنى پەيدا قىلىدۇ. مانا شۇنداق ھەممىلا جايدا كۆرگىلى بولىدىغان ئىشلار ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىدىكى ئورتاقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوخشاپ كېتىدىغان ياكى پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان چۆچەكلەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆز ئالدىغا پەيدا بولۇپ، ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئىچىدە تەرەققىي قىلغان ① . ئەمما گېرمانىيىلىك يەنە بىر ئالىم تېئودېر بېنف (Theoder Benfey) ئۇنىڭغا قارشى ھالدا، پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق چۆچەكلەر مەلۇم بىر جايىنى مەنبە قىلىپ پەيدا بولغان، دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ كۆز قارىشىچە، دۇنيادىكى چۆچەكلەرنىڭ مۇھىم بىر بۆلىقى ھىندىستان بولۇپ، ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىدا تارقالغان نۇرغۇن چۆچەكلەر دەل ئەنە شۇ بۇلاقتىن ئېقىپ چىققان، مانا بۇ خەلقئارادا بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان چۆچەكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب② .

گرىم بىلەن بېنفىنىڭ كۆز قاراشلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى چۆچەكلەردىكى ئورتاقلىقنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدۇ، ئۇلار باشلاپ بەرگەن بۇ خىل ئىزدىنىش چۆچەكشۇناسلىق ساھەسىدە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

دۇنيادىكى چۆچەكلەردە روشەن ئوخشاشلىق بولغان ئىكەن، مەلۇم مىللەت ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن چۆچەكلەرنى ئۇنىڭ خەلقئارادىكى ۋارىيانتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرمەستىن، يەككە ـ يېگانە تەتقىق قىلىش ئىلمىي ئۇسۇل ئەمەس. ئەگەر ئۇنداق بولغاندا، چۆچەكلەرنىڭ مىللىي تەۋەلىكى قارىغۇلارچە بېكىتىلىپ قالىدۇ، مەلۇم بىر چۆچەكنى پۈتۈنلەي مەلۇم مىللەت ھاياتىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە تەتقىق قىلغاندا، ئۇنىڭ باشقا مىللەتلەر ئىچىدىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. بۇ خىل تەتقىقات ئۇسۇلى چۆچەكلەرنىڭ مىللىي خاسلىقىنى كۆپتۈرۈۋېتىپ، كۆزىمىزگە بىر قەۋەت پەردە تارتىپ قويىدۇ. كېيىن خەلقئارادا بۇ چۆچەكنىڭ ھەققىي سىرى ئېچىلغان ھامان، بىزنىڭ تەتقىقات ئەمگەكلىرىمىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلچىمۇ ئەھمىيىتى قالمايدۇ. پەقەت مەزكۇر چۆچەكنىڭ بىرلا مىللەتتىن باشقا ھېچقانداق مىللەتتە ۋارىيانتى بولمىغاندىلا، ئاندىن بۇ خىل تەتقىقات قىممەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن.

ئەمما بىزنىڭ بۇ كۆز قارىشىمىز چۆچەكلەرنىڭ مىللىي خاسلىقىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلمايدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى ئۇنىڭ خەلقئارادىكى نۇسخىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشتىن مەلۇم بولىدىكى، ئەگەر خەلقئارادا تارقىلىپ يۈرگەن مەلۇم بىر سۇژېت ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە پسىخىكىسىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كەلسە، ئۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئۆز پېتى تارقىلالىغان، ئەگەر ئۇنداق ئۇيغۇنلۇق بولمىسا، بۇ چۆچەك ئۆزگىرىپ كەتكەن. دېمەك، مەلۇم بىر چۆچەكنىڭ ئۇيغۇرلاردا تارقىلىشىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇھىتى بەلگىلىگەن. ئۇيغۇرلاردا تارقىلىدىغان چۆچەك چوقۇم ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىغا ماس كېلىشى، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن، ئۇنىڭغا ئاساسلانغان بولۇشى كېرەك. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدە يىلتىز تارتالايدۇ ۋە تەرەققىي قىلالايدۇ.

ئۇيغۇر چۆچەكلىرى بىلەن خەلقئارا چۆچەكلەرنى سېلىشتۇرۇشتىن مەلۇم بولغان يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، ئۇيغۇر چۆچەكلىرى ئۆزلىرىنىڭ ياۋروپا ۋارىيانتىغا قارىغاندا، ئەرەب ـ پارس ۋارىيانتىغا يېقىن، ئەرەب ـ پارس ۋارىيانتىغا قارىغاندا، قازاق، ئۆزبېك ۋارىيانتىغا يېقىن تۇرىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، دۇنيا خەلقىدىن مۇسۇلمان خەلققە، مۇسۇلمان خەلقىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە، تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا قاراپ ماڭساق، چۆچەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ بارغانسېرى يوقىلىپ، ئوخشاشلىقنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئەگەر ئەكسىي يۆنىلىشكە قاراپ ماڭساق، چۆچەكلەردىكى پەرق چوڭىيىپ، ئوخشاشلىق ئازلاپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇرلارنىڭ تىل، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن نۇرغۇن ئورتاقلىققا ئىگە بولغان تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرىنى ئەڭ ئاسان قوبۇل قىلالايدىغانلىقىنى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرەب ۋە پارسلارنىڭ چۆچەكلىرىنى بولسا، يات دىندىكى ياۋروپا چۆچەكلىرىگە نىسبەتەن ئاسان قوبۇل قىلالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دېمەك، چۆچەكلەردىكى پەرق ۋە ئوخشاشلىقنى، شۇنداقلا بۇنداق پەرق ۋە ئوخشاشلىقنىڭ دەرىجىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئامىل مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقتۇر. باشقىچە ئېيتقاندا، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ خاراكتېرى چۆچەكلەرنىڭ خاراكتېرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، چۆچەكلەردە مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ.

شۇڭا بىز، چۆچەكلەردىكى مىللىي خاسلىقنى كۆپتۈرۈۋېتىشكىمۇ، شۇنداقلا ئۇنى ئىنكار قىلىشقىمۇ قارشى تۇرىمىز. كۆپ سانلىق چۆچەكلەرنىڭ سۇژېتى دۇنياۋى ئورتاقلىققا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، مىللىي خاسلىققا ئىگە بولىدۇ، ئورتاقلىق چوڭ، خاسلىق كىچىك، ئورتاقلىق روشەن، خاسلىق تۇتۇقراق بولىدۇ.

ئۇنداق بولسا، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ خاراكتېرى قانداق چۆچەكلەردە روشەن گەۋدىلىنىدۇ؟ قاسقا باسوۋ قازاق سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ ئاساسىي باش قەھرىمانى باتۇرلار، مەرگەنلەر ۋە ئوۋچىلار ئىكەنلىكىنى، چۆچەكلەردە مانا شۇلارنىڭ تەبىئەتتىكى يىرتقۇچ كۈچلەرگە قارشى كۈرەشلىرى ۋە تاجاۋۇزچى دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ ئۆز ئېلىنى قۇتقۇزۇش پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ ③. شۇنداقلا ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاشۇ مەرگەن ۋە باتۇرلار ھەققىدىكى سېھىرلىك چۆچەكلەر يالغۇز قازاق خەلقىنىڭلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى چۆچەكلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكىسىدۇر» ④.

بىزمۇ ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۈرلىرىنىڭ بىرى قەھرىمانلىق چۆچەكلىرى، دەپ قارايمىز. چۈنكى قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇلاردا ئادەم بىلەن ۋەھشىي ھايۋانلار ۋە ئەجدىھا، يالماۋۇز، دىۋە قاتارلىق يىرتقۇچ كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى شەپقەتسىز كۈرەش بايان قىلىنىدۇ، مانا بۇ قەدىمكى جەمئىيەتنىڭ كۆرۈنۈشى. چۈنكى قەدىمكى جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىدى. قەدىمكى كىشىلەر ئۆزلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىپ، ھەتتا ھاياتىغا خەۋپ سېلىپ تۇرىدىغان تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ سەۋەبىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئۇلارنى بىر خىل سىرلىق كۈچ باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، دەپ چۈشەنگەن. يالماۋۇز، دىۋە، ئەجدىھا قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق سىرلىق كۈچنىڭ نامايەندىلىرى سۈپىتىدە ئويلاپ چىقىلغان. شۇڭا چۆچەكلەردىكى باتۇرلارنىڭ مانا شۇ يىرتقۇچ كۈچلەرنى يېڭىپ، ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇپ، بەخت ياراتقانلىقى، دەل قەدىمكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ئارزۇلىرىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق چۆچەكلىرى ئىككى مۇھىم تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن.

ئەڭ دەسلەپ پەيدا بولغان قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىدە ئىپتىدائىي تۇرمۇش تۈسى قويۇق ئىدى. بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ باش قەھرىمانى ھايۋاندىن تۆرەلگەن ياكى ئۇنى ھايۋان بېقىپ چوڭ

قىلىندۇ. ئۇ ئاساسەن ئورمان ۋە تاغلاردا ياشايدۇ، قورقۇنچلۇق تاغ ئۆڭكۈرلىرىدىكى دىۋىلەرنى يوقىتىدۇ، يەر ئاستىغا چۈشۈپ يالماۋۇز ۋە باشقا يىرتقۇچلار بىلەن ئېلىشىدۇ، ھەر خىل تىلسىم - سىرلارنى ئاچىدۇ.

ئەمما فېئودالىزم دەۋرىگە كەلگەندە قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىدىكى بۇ خىل مەزمۇن ئۆزگەرگەن. ئۇنىڭدا تاغ - ئورمانلاردىكى ھاياتلىق ئەمەس، بەلكى شەھەر - قەلئەلەردىكى ھاياتلىق ئەكس ئەتكەن. قەھرىماننىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۆسۈشىمۇ ھېچقانداق ھايۋان بىلەن باغلانمىغان. ئۇ بىر شەھەردىن چىقىپ يەنە بىر شەھەرگە، بىر پادىشاھلىقتىن ئۆتۈپ، يەنە بىر پادىشاھلىققا بارىدۇ. بۇ تەكلىماكان ئەتراپىغا جايلاشقان قاتار ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. قەھرىمان مەلۇم شەھەرگە كېلىپ، بۇ شەھەر خەلقىگە تەھدىت سېلىۋاتقان ياكى مەلىكىنى ئېلىپ قاچقان يىرتقۇچ مەخلۇق ھەققىدە ئاڭلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىرتقۇچ مەخلۇقلارنى يوقىتىپ، ئىززەت - ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ. بەزى چۆچەكلەردە پادىشاھ بۇ يىگىتنى يىراق دىۋىلەر ماكانىغا بېرىپ خاسىيەتلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشكە ئوخشاش ئىشلارغا ئەۋەتىدۇ، قەھرىمان بۇنداق خەتەرلىك ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسىنى غەلىبىلىك ئورۇندايدۇ، ئاخىرىدا قەھرىمان مەلىكە بىلەن توي قىلىپ، ۋەزىر ياكى پادىشاھ بولىدۇ. دېمەك، كېيىنكى دەۋردىكى چۆچەكلەردە تەبىئەت دۇنياسىدىكى يىرتقۇچ مەخلۇقلار بىلەن ئېلىشىش ۋەقەسى ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۇ پەقەت قەھرىماننىڭ مەلىكە بىلەن توي قىلىش ۋە پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇشىدىكى ۋاستىگە ئايلىنىپ قالغان، خالاس. مانا بۇ ئۇيغۇر قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى روشەن ئۆزگىرىش.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ باتۇرلۇق چۆچەكلىرىدىكى باش قەھرىمان ئوۋچى، مەرگەن ئەمەس، بەلكى تەۋەككۈلچى ساياھەتچىدۇر. ئۇ يۇرتىدىن چىقىپ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا سەپەر قىلىدۇ، يىراق جايلاردىكى ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنى كۆرۈپ بېقىش، ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش، پۇرسەت كەلسە قابىلىيىتىنى كۆرسىتىپ، بايلىق ۋە شان - شەرەپكە ئېرىشىش، مانا بۇلار ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەقسىتىدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ باش قەھرىمانى ئۆزىنىڭ بەخت - تەلىيىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلانغان جاھانكەزدىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق چۆچەكلىرى ئۆيلىنىش ھەققىدىكى چۆچەكلەر بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدۇ. كۆپىنچە چۆچەكلەردە ئۆز تەلىيىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن يولغا چىققان باش قەھرىمان مەلۇم شەھەرگە بېرىپ، قىيىن شەرت ئارقىلىق كۈيئوغۇل تاللاۋاتقان پادىشاھقا دۇچ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەرتلەرنى ئورۇنداپ مەلىكىگە ئۆيلىنىدۇ. پادىشاھ ۋە مەلىكە ئاساسەن قەھرىماننىڭ باتۇرلۇقى، چىداملىقى، ئەقىل - پاراستى، ئالاھىدە ئىقتىدارى ۋە ھۈنەر - قابىلىيىتىنى سىنايدۇ. يىگىت كۈيئوغۇللۇققا تاللانغاندىن كېيىن كۈيئوغۇللىرى ياكى مەلىكە بىلەن توي قىلالماي قالغان شاھزادىلەر باش قەھرىمانغا سۇيىقەست قىلىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولىدۇ. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆيلىنىش ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي پائالىيەت سورۇنى يەنىلا شەھەر - ئوردىلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمى ۋە تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى مۇھىم مەزمۇن قىلىنىدۇ. ئەمما بۇنداق چۆچەكلەرگە يەنە بىر قىسىم ئىپتىدائىي سۇژېتلارمۇ ئارىلىشىپ كېلىدۇ. سېھىرلىك ھايۋانلارنىڭ باش قەھرىمانغا ياردەم قىلىپ، قىيىن شەرتلەرنى ئورۇنداپ ياكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى سۇژېتلار، قەھرىماننىڭ دىۋىلەر ماكانىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن ئېلىشىشقا ئوخشاش سۇژېتلار ئەنە شۇنداق سۇژېتلاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، چۆچەكلەردىكى قىزلارنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن ئۆزىگە لايىق تاللىۋېلىشىمۇ بىر قەدەر قەدىمىي تۇرمۇش ئادىتىنى، يەنى ئانىلىق ھوقۇق سەلتەنەت سۈرگەن دەۋرلەرنى ئېسىمىزگە سالىدۇ. دېمەك، ئىپتىدائىي سۇژېتلارنىڭ كېيىنكى دەۋردە ئۆزگىرىشكە ئىگە بولۇشى، ئىپتىدائىي جەمئىيەت تۇرمۇشى بىلەن فېئودالىزم جەمئىيىتى تۇرمۇشىنىڭ گىرەلىشىپ ئەكس ئېتىشى—مانا بۇ ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر.

ئۆيلىنىش ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ ئالاھىدە بىر سۇژېتى كۆپ ئوغلى بار ئادەمنىڭ كۆپ قىزى بار ئادەم بىلەن قۇدا بولۇش سۇژېتىدۇر. بۇ ئادەم يىراق ماكانغا بېرىپ، ناھايىتى تەستە ئوغۇللىرىغا لايىق تېپىپ، توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. بىراق، تويدىن كېيىن ئۇلارنى پالاكەت باسىدۇ، ھەتتا كېلىنلەرنىڭ ھەممىسى ھايۋانغا ئايلىنىپ قالىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ئىنتايىن قەدىمىي سۇژېتلارنىڭ بىرى. بىز «ئارنې - تومپسون كاتالوگى» دىن بۇ چۆچەكنىڭ ۋارىيانتىنى تاپالمىدۇق. ئېھتىمال ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يايلاق تۇرمۇشىغا باغلىق ھالدا پەيدا بولغان سۇژېت بولسا كېرەك.

قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىگە ئۆيلىنىش ھەققىدىكى چۆچەكلەرلا ئەمەس، ئۇنىڭغا يەنە سېھىرلىك ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر بىلەن خاسىيەتلىك نەرسىلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەرمۇ ئارىلىشىپ

كېلىدۇ. سېھىرلىك ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەردە ئات، بېلىق، يىلان قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ؛ خاسىيەتلىك نەرسىلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەردە قىلىچ، تاش، دەستۇرخان، چۆگۈن قاتارلىقلارنىڭ ئەسىر قەھرىمانىغا ياردەم قىلىپ، ئۇنى تەختكە ئېرىشتۈرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇ خىل سۇژېتلارمۇ ئەڭ ئىپتىدائىي سۇژېتلاردۇر. چۈنكى بۇلار قەدىمكى كىشىلەرنىڭ تۇتېمىزم، ئانىمىزم ۋە سېھىرگەرلىك كۆز قاراشلىرى ئاساسىدا پەيدا بولغان. بۇ خىل سۇژېتلاردىكى باش قەھرىمان خۇددى قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىدىكىگە ئوخشاشلا يىراق سەپەرگە ئاتلىنىپ، باشقا شەھەرلەردە ئۆزىنىڭ بەختىگە ئېرىشىدۇ. ئۇلاردا ئۆگەي ئانىنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ چىققان يىگىتنىڭ، ھايۋانىنى قۇتۇلدۇرغىنى ئۈچۈن ئۆيىدىن ھەيدەلگەن بالىنىڭ، ياكى ئوردىدىن قوغلانغان مەلىكىنىڭ باشقا شەھەرلەردىكى كەچۈرمىشلىرى، ئۇلارنىڭ ئاخىرى سېھىرلىك ھايۋان ياكى خاسىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ ياردىمىدە مەلىكە (ياكى شاھزادە) بىلەن توي قىلغانلىقى، ۋەزىر ياكى پادىشاھ بولغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ.

بۇلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتى — ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ياقا ـ يۇرتلارغا سەپەر قىلغان يىگىت ياكى قىزلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت. قەھرىمانلىق چۆچەكلىرى، ئۆيلىنىش ھەققىدىكى چۆچەكلەر، سېھىرلىك ھايۋان، خاسىيەتلىك نەرسە، ئاق كۆڭۈل ئۇكا بىلەن رەھىمسىز ئاكا، پەرىزات، يالماۋۇز، دىۋە، جادۇگەر، ئەرۋاھ ۋە تەقدىر ـ ئامەت ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسىدە يىراق سەپەرگە ئاتلانغان يىگىتلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنىدۇ. چۆچەك قەھرىمانى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزا ياكى شەھەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان چۆچەكلەر ئىنتايىن ئاز. مۇتلەق كۆپ قىسىم چۆچەكلەردىكى ۋەقەلەر باشقا شەھەردە، تىلسىملىق دىۋىلەر ماكانىدا ۋە يەر ئاستى پادىشاھلىقلىرىدا يۈز بېرىدۇ.

ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ سۇژېتى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە روشەن ئۇچرىغان، ئىسلام ئەقىدىلىرى چۆچەك ئىجادىيىتىگە ئاساس بولغان. خۇدا بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادە قىلىپ بېرىدىغان چۆچەكلەر ئەنە شۇنداق چۆچەكلەردۇر. ئۇلاردا خۇدانىڭ ساۋاپلىق ئىش قىلغانلارنى مۇكاپاتلاپ، يامان ئىش قىلغانلارنى جازالىغانلىقى مەركىزىي سۇژېت قىلىنغان ھەمدە قانداق قىلغاندا خۇدانى رازى قىلىپ، ئۇنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ساۋاپ ۋە گۇناھ ھەققىدىكى چۈشەنچە ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلىك ئەخلاق ھەققىدىكى مىزانى بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. ئىسلام دىنىدا قانداق ئىش قىلسا ساۋاپ بولىدىغانلىقى، قانداق ئىش قىلسا، گۇناھ بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ناھايىتى تەپسىلىي ۋە ئېنىق بەلگىلىمىلەر بار. ئۇيغۇرلار مانا شۇ بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئىنسانلار بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بايان قىلىپ بېرىدىغان بىر قىسىم چۆچەكلەرنى ئىجاد قىلغان ۋە بۇ ئارقىلىق ئەۋلادلارنى ئىسلام دىنى ئەخلاقى بىلەن تەربىيىلىمەكچى بولغان.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە يەنە ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ روھى تىرىك كىشىلەرنى قوللاپ ياكى جازالاپ تۇرىدىغانلىقى، ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى تەڭرى تەرىپىدىن ئاللىقاچان ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىلىدىغانلىقى، بەلگىلەنگەن بالا ـ قازا ۋە ئامەت ـ تەلەيدىن ھېچكىمنىڭ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ بىر قىسىم چۆچەكلەر بار.

خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ قىسقىچە خاراكتېرى مۇنداق: ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە ئىپتىدائىي جەمئىيەت تۇرمۇشى بىلەن فېئودالىزم جەمئىيىتى تۇرمۇشى ئىككى قاتلام مەزمۇن ھاسىل قىلغان، پادىشاھنىڭ ئوردا ـ قەلئەلىرىدىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار چۆچەكلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، يىگىت ۋە قىزلارنىڭ ياقا ـ يۇرتلاردىكى سەرگۈزەشتىلىرى باشتىن ـ ئاياغ مۇھىم سۇژېت لىنىيىسى قىلىنغان، ۋەقەلەرنىڭ شەھەردىن شەھەرگە يۆتكىلىشى بايان قىلىنغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى قويۇق ئەكس ئەتتۈرۈلۈش بىلەن بىللە، ئۇنىڭغا ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىمۇ سىڭدۇرۇۋېتىلگەن، شۇنداقلا تەقدىرچىلىك كۆز قاراشلىرى روشەن ئىپادىلەنگەن.

ئىزاھلار:

① تومپسون: «دۇنيا چۆچەكلىرىنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىسى»، شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى 1991 ـ يىل 2 ـ ئاي نەشرى، 439 ـ ، 440 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

② ليۇۋشوۋخۇا: «سېلىشتۇرما چۆچەكشۇناسلىق»، شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى 20 ـ ، 26 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

③ سېيىت قاسقاباسوۋ: «قازاق خەلق پروزىسى»، ئالمۇتا، 1972 ـ يىل نەشرى 200 ـ ، 201 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

④ يۇقىرىقى كىتاب، 183 ـ بەت

---

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتورى)





# يۇمۇرلار





### يېرىمنى ئۆيدە قالدۇرۇش

پارىژغا بارىدىغان بىر پويىزنىڭ ئايرىم خانىسىگە بىر خانىم تۆت بالىسى بىلەن چىقىپتۇ. باللار پويىزدا سەكرەپ - تاقلاپ، چۇقان سېلىشىپ بىر مىنۇتمۇ جىم ئولتۇرماپتۇ. بۇنىڭغا پەقەتلا چىداپ تۇرالمىغان ياندىكى بىر يولۇچى مۇنداق دەپتۇ:

ـــ سەپەرگە چىققاندا باللارنىڭ ھەممىسنى ئېلىۋالماسلىق، ئاز دېگەندىمۇ يېرىمىنى ئۆيدە قالدۇرۇپ قويۇش كېرەك.

ـــ توغرا ئېيتىسىز ئەپەندىم، مەن دەل شۇنداق قىلغان، ـــ دەپتۇ خانىم دەرھال چۇشەندۇرۇپ.

### بۇ يىل قىشتا قاتتىق سوغۇق بولىدۇ

ئىندىئانلار قەبىلە باشلىقىدىن:

ـــ بۇ يىل قىشتا سوغۇق بولامدۇ - بولمامدۇ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ. قەبىلە باشلىقى ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بىۋاستە ئېيتسا ياخشى بولمايدىغان بولغاچقا، پەقەت:

ـــ جەزمەن سوغۇق بولىدۇ، كۆپچىلىك كۆپرەك يېقىلغۇ تەييارلاپ قىشتىن ئۆتۈشكە تەييارلىق قىلىڭلار، ـــ دەپلا جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار يېقىلغۇ تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ.

قەبىلە باشلىقى ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان ئادەم بولغاچقا، بىر ھەپتىدىن كېيىن شەھەرگە كىرىپ، دۆلەتلىك مېتېئورولوگىيە مۇلازىمەت مەركىزىگە تېلېفون بېرىپ ئۇلاردىن مۇنداق سوئال سوراپتۇ:

ـــ بۇ يىل قىشتا سوغۇق بولامدۇ - بولمامدۇ؟

مېتېئورولوگىيە مەركىزىدىكىلەر:

ـــ ناھايىتى سوغۇق بولىدۇ، ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قەبىلە باشلىقى شۇندىلا خاتىرجەم بوپتۇ ۋە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قېرىنداشلىرىغا كۆپرەك ئوتۇن تەييارلاشنى ئۇقتۇرۇپتۇ.

يەنە بىر ھەپتە ئۆتۈپتۇ، قەبىلە باشلىقى خاتىرجەم بولالماي مېتېئورولوگىيە مەركىزىگە يەنە تېلېفون ئۇرۇپ «قىشتا ناھايىتى سوغۇق بولىدىغانلىقى»نى ئۇققاندىن كېيىن قېرىنداشلىرىنىڭ ئوتۇن تەييارلاش سالمىقىنى ئاشۇرۇشنى ئۇقتۇرۇپتۇ.

يەنە ئىككى ھەپتە ئۆتۈپتۇ، ئۇ يەنە تېلېفون بېرىپ «قىشتا ئىنتايىن قاتتىق سوغۇق بولىدىغانلىقى»نى ئۇقۇپتۇ ۋە دەرھال قېرىنداشلىرىغا ئوتۇن يىغىشنى بىرىنچى چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇپ، پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئوتۇن يىغىشنى ئۇقتۇرۇپتۇ.

يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن قەبىلە باشلىقى يەنە بىر قېتىم تېلېفون ئۇرغانىكەن، مېتېئورولوگىيە مەركىزىدىكىلەر ئىنتايىن كەسكىن تەلەپپۇزدا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

ـــ كېسىپ ئېيتالايمىزكى، بۇ يىل قىشتا تارىختىن بۇ-

www.uyghurkitap.com



يانقى ئەڭ قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، چۈنكى بىز ئىندىئانلارنىڭ جان ـ جەھلى بىلەن ئوتۇن يىغۋاتقانلىقىنى كۆردۇق.

### ئىسىم

ئۆيدە ئادەم يوق دەپ ئىشىكنى بۇزۇپ ئۆيگە كىرگەن قاراقچى بىر جۈپ ئەر ـ ئايالنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ قورققىنىدىن تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ــ ئىسمىڭ نېمە؟ ــ دەپ سوراپتۇ قاراقچى قولى بىلەن ئايالنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. ئايال تەسلىكتە:

ــ مېيلىڭ ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ــ بۈگۈن تەلىيىڭ كەلگەن بولسۇن، مېنىڭ ئانامنىڭ ئىسمىمۇ مېيلىڭ، شۇڭا مەن سېنى ئۆلتۈرمەيمەن، ــ دەپتۇ قاراقچى ۋە ئارقىدىنلا ئەركىشىدىن سوراپتۇ:

ــ ئىسمىڭ نېمە؟

ــ مېنىڭ ئەسلى ئىسمىم جىچياڭ، لېكىن مېنى ھەممە ئادەم مېيلىڭ دەپ چاقىرىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەر كىشى.

توپلىغۇچى: ئەيسا ئىبراھىم

### ئامالىم يوق

بىر خانىمنىڭ ئېرى ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇ تېرمومېتىرنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلمەي تۇرۇقلۇق ئېرىنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپتۇ ـ دە، دەرھال تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئاپتۇ.

ــ دوختۇر، دەرھال ئۆيىمىزگە كەلسىڭىز، ئېرىمنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى 63℃ قا چىقىپتۇ.

دوختۇردىن مۇنداق سادا كەپتۇ:

ــ كەچۈرۈڭ، مېنىڭ ئامالىم يوق، ئەڭ ياخشىسى سىز ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگە تېلېفون قىلىڭ.

× × ×

ئادەتلەنگەن بىر ئوغرى جازا مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلىپتۇ. پوپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ ئوغلۇم توۋا قىلىۋال، بولمىسا، جەننەتنىڭ ئىشىكى ساڭا ئېچىلمايدۇ، ــ دەپتۇ.

ــ خاتىرجەم بولۇڭ، پوپ، ــ دەپتۇ ئوغرى، ــ مەن ھەرقانداق قۇلۇپنى ئېچىۋېتەلەيمەن.

× × ×

بىر نەپەر غەيرىي مىجەزلىك پەلسەپە ئوقۇتقۇچىسى مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇنداق سوئال چىقىرىپتۇ. ئۇ بىر ئورۇندۇقنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ:

ــ مەن ئۆگەتكەن تەلىملىرىم بويىچە ئۇ ئورۇندۇقنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاڭلار، ــ دەپتۇ.

نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار نەچچە ئون ۋاراقلاپ ماقالە يېزىپتۇ، سىنىپتىكى بىرەيلەن بىر مىنۇت ئىچىدە ئىمتىھان قەغىزىنى تاپشۇرۇپتۇ. دەل شۇ ئوقۇغۇچى بىرىنچى بولۇپ باھالىنىپتۇ، ئۇنىڭ جاۋابى مۇنداق ئىكەن:

ــ ئورۇندۇق دېگەن نېمە؟

### يەنە كۆپىيىدۇ

بىر باي چەت ئەلدە كۆپ ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ، ئەڭ ئاۋۋال ئۇچرىغان دوستىدىن:

ــ قانداق، شەھىرىمىزدە مەن بار ۋاقتىتىكىدەك تىلەمچىلەر كۆپمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. دوستى:

ــ سىز كەتكەندىن كېيىن بەكمۇ ئازلاپ كەتتى. مانا، قايتىپ كەلدىڭىز، ئەمدى يەنە كۆپىيىشكە باشلايدۇ، ــ دەپ ئويلايمىز ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

### قىزىق بايراق

بىر تىكمىچى كىم قانداق كىيىملىك ماتا ئېلىپ كەلسە، ئۇنىڭدىن بىر ئاز كېسىۋالىدىكەن، بىر موللا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

ــ بۇنداق قىلما، قىيامەت كۈنى ئوغرىلىغان ماتالارىڭنى بايراق قىلىپ يەلكەڭگە قويۇپ، سېنى چاپتۇرىدۇ ــ دەپتۇ.

تىكمىچى بۇنىڭدىن كېيىن ئوغرىلىق قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. بىراق، بىر كۈنى بىر كىشى چىرايلىق گۈللۈك ۋە قىممەت باھالىق ماتا ئېلىپ كەپتۇ. تىكمىچى ئۇنىڭدىن يەنە ئازراق كېسىۋاپتۇ. خىزمەتچىسى بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا:

ــ توۋا قىلغان ئىدىڭىز، يەنە نېمە قىلىۋاتىسىز؟ ـ دەپ سوراپتۇ. تىكمىچى:

ــ قىيامەتتە بېزەكسىز، سەت، خۇنۈك بايراقنى كۆتۈرۈپ يۈرگەندىن كۆرە، ياخشى، چىرايلىق بايراق قىلىش ئۈچۈن بۇ ماتادىن ئېلىۋالدىم، ــ دەپتۇ.

### ئارىمىز ئۇچۇق بولىدۇ

بىر ئادەم بىراۋنىڭ قويىنى ئوغرىلاپ كېلىپ سويۇۋاپتۇ. بۇنى سەزگەن بىر موللام:

ــ نېمىشقا بىراۋنىڭ قويىنى ئوغرىلاپ سويۇۋالدىڭ، قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھتا نېمە دەپ جاۋاب بېرىدسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى:

ــ تېنىۋالىمەن، گۇناھ ئارتالمايدۇ، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ــ قوينىڭ ئۆزى كېلىپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

ــ مەھشەرگاھتا قوينىڭ ئىگىسى مېنىڭ يېنىمدا بولىدىغۇ، قويى كېلىپ گۇۋاھلىق بەرسە، قۇلىقىدىن تۇتۇپ، ئىگىسىگە تاپشۇرىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئارىمىز ئۇچۇق بولىدۇ، شۇ.

توپلىغۇچى: ي. ئىسھاق

مۇھەررىر: مۇختار تۇردى



# سەلەي چاقچاق ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى

داۋۇت تۇرەخمەت

*بۇ ماقالە د.تورەخمەت ھايات ۋاقتىدا يېزىلىپ شائىر ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئالمۇتادا «سەلەي چاقچاق لەتىپىلىرى» ھەققىدىكى كىتابقا كىرگۈزۈلۈپ، 1984 ـ يىل ئېلان قىلىنغانىكەن. بىز بۇ ماقالىنى مەرھۇمنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 85 يىللىقى ھەم ۋاپاتىنىڭ 20 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تونۇشتۇردۇق.*

*بۇ ماقالە ئۇيغۇر فولكلورىنى تەتقىق قىلىشتا، بولۇپمۇ ھازىر جاۋاب چاقچاقچى، لەتىپىچى سەلەي چاقچاق ھاياتىنى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنى يىغقۇچى تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشىنى كۆزدە تۇتقاندا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.*

*ـــ تەييارلىغۇچىدىن*

ھەقىقىي خەلق قىزىقچىلىرىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى بولغان يەردە كىشىلەر خۇددى ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرگە نائىل بولغان ۋە ئۆچ كۆرگەن نەرسىلىرى ئۈستىدىن بىردىن غەلىبە قىلغاندەك چوڭ بىر شادلىق تۇيغۇسى بىلەن قېنىپ ـ قېنىپ كۈلۈۋالىدۇ. كۈلكىدىن كۆڭلى سۇ ئىچىپ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. كۆپ ھاللاردا مۇنداق پەيت ئاجايىپ خۇش ناۋالىق، چوڭ بىر شادلىق بەزمىسى ئورنىدا ئۆتىدۇ. مەلۇمكى، شۇنداق نەپاسەتلىك، دىلرەبا سۆز ئويۇنلىرى كۆپ چاغلاردا ھەر بىر خەلقنىڭ ئۆز قىزىقچىلىرى ۋە سۆز ماھىرلىرى قالدۇرغان ھەجۋىيات مىراسلىرىدىن ياكى ئۇنىڭ زامانىۋى نەمۇنىلىرىدىن باشلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆز ئويۇنلىرى خۇددى شۇنىڭدەك، ئۆزىنىڭ داڭلىق قىزىقچى سۆزمەنلىرىنى سېغىنىپ تىلغا ئېلىش بىلەن باشلىنىپ كېتىدۇ.

ئۆتمۈشتە ئۇيغۇرلارغا ئورتاق قىزىقچىلاردىن: نەسىرىدىن ئەپەندى، ئالدار كوسا، شامەشرەپ، ئۇيغۇر قىزىقچىلىرىدىن: سەلەي چاقچاق، موللا زەيدىن، موللا مەتيار خەلپىتىم، ئەخمەتشا قارىقاشى، ئۆمەرخان غوجا، ھېيت مۇغەمبەر ۋە باشقىلار ياشىغان. ئائىلە مىقياسىدىن تاكى يۇرت دائىرىسىگىچە بولىدىغان شادلىق مەرىكىلىرىنى، بىر چەتتىن خەلقنىڭ ئەنە شۇنداق كۈلكە دانالىرى، ئۇلارنىڭ قىزىق ھەرىكەت، قىزىق سۆزلىرى قىزىتىپ كەلدى. ھازىرمۇ شۇلارنىڭ، بولۇپمۇ سەلەي چاقچاقنىڭ ئوبرازى ۋە ئۇنىڭ مۇجەسسەملىنىپ، ھەتتاكى زامانىۋى مەزمۇنلارنى ئېلىپ كامال تېپىۋاتقان ئومۇمغا تەن كۆرەشچان ساتىرىك روھى كۆپچىلىك سۆز ئويۇنلىرىمىزنىڭ ئىلھام بۇلىقى بولۇپ كەلمەكتە. شۇنىڭغا يارىشا كىشىلەردە، خۇسۇسەن ياشلاردا ئۇيغۇر خەلق قىزىقچىلىرى بىلەن، بولۇپمۇ سەلەي چاقچاقنىڭ سەرگۈزەشتە ۋە لەتىپىلىرى بىلەن كۆپرەك تونۇشۇش ئارزۇسى كۈچەيمەكتە.

مەن ئۇزاقتىن بېرى سەلەي چاقچاق ھاياتى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرىگە قىزىقىپ يۈرەتتىم. شۇنىڭغا يارىشا، تىل ـ يېزىق تەكشۈرۈش ۋە فولكلور توپلاش گۇرۇپپىسىدا بىر مەزگىل ئىشلەپ قالدىم. شۇ جەرياندا، يەنى 1955 ـ يىل ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى قەشقەرنىڭ ئوپال رايونىدا بولدۇم. سەلەي چاقچاق تۇغۇلغان يېزىنىڭ بازىرىدىكى بوۋايلاردىن، ھاجى سەيدۇللا ۋە مويسىپىتلاردىن سەلەي توغرۇلۇق سۈرۈشتە قىلىپ، خېلى نەرسىلەرنى يېزىۋالدىم. 1956 ـ يىل ئۆكتەبىر كۈنلىرى يەنە شۇ خىزمەت بىلەن قەشقەر كونىشەھەردە تۇرۇپ، ئۇ يەردىكى تارىخچى ئېمىر ھەسەن قازى ۋە پېشقەدەم كىشىلەردىن ئابدۇراخمان مەخسۇم ۋە باشقىلار بىلەن بىر نەچچە قېتىم سۆھبەتتە بولدۇم. يەكەن، خوتەن ۋە باشقا شەھەرلەردىمۇ شۇ تەرىقە ماتېرىيال توپلىدىم. شۇ چاغلاردا توپلىغان ماتېرىياللار بويىچە سەلەي چاقچاقنىڭ تەرجىمىھالى تۆۋەندىكىچە:

ئۇنىڭ ئەسلى ئېتى مۇھەممەد سالىھ، قىسقارتىپ مەتسەلەي، دەپمۇ ئاتالغان. ئۇنىڭ «گەپچىلەم، ئەپچىلەم، موللا، چاقچاق» دېگەندەك لەقەملىرى كۆپ بولغان. كېيىنرەك ئەسلى نامىغا «چاقچاق» سۆزى قوشۇلۇپ «سەلەي چاقچاق» ئاتىلىپ كەتكەن.

سەلەي چاقچاق ئومۇمەن 1790 ـ يىللىرى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ توققۇزاق ناھىيىسى ئوپال يېزىسىدا ھۈنەرۋەن ئائىلىدە تۇغۇلغان.

www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭ ئاتىسى مۇھەممەد ئاخۇن ئۇچ ـ تۆت مال بېقىپ، موزدۇزلۇق، ناۋايلىق قىلىپ كۈن كەچۈرگەن. كېيىن ماللىرىدىن ئايرىلىپ، كۆپ ئۆمرى «نېنى ئىزىغا كەتسىمۇ، كۆمىچى پايدا» دېگەن ئۇمىد بىلەن ناۋايلىقتا ئۆتكەن. مۇھەممەد ئۇستا مالنى ياخشى تونۇيدىغان سىنچى، چېۋەر ئوغلاقچى، ھۈنەرۋەن، راۋابچى، مۇئامىلىدە مۇلايىم، خۇش چاقچاق، دىلكەش ئادەم بولغان.

سەلەيمۇ كىچىكىدىنلا زېھنى ئۆتكۈر، قولى ئەپچىل، كۈلۈپ تۇرىدىغان، ئۇچۇق بالا بولۇپ، تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدۇ. بالىلارنىڭ كوچا ئويۇنلىرى، توي ـ تۆكۈنلەردە، بارات كېچىلىرىنىڭ تۈنەك ئويۇنلىرىدا بالىلارنىڭ باشلامچىسى بولۇپ، ئايىغى تىنماس بولۇپ قالىدۇ. لېكىن، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ «يامان كۆزدىن خالىي» بولۇشى ۋە ياش زېھنىنى بىلىمگە سەرپ قىلىشى ئۈچۈن ئۇنى كۆپرەك مەكتەپتە بولۇشقا زورلايدۇ. ئۇ مەكتەپتە ياخشى ئوقۇپ، ئۈچ ـ تۆت يىل ئىچىدە ئەرەبچە، پارسچە كىتابلارنى سۇدەك ئوقۇيدىغان بولىدۇ. كېيىن ئۇ، قەشقەر شەھىرىدىكى تاغىسى زىرىپ زەرگەرنىڭ ياردىمى بىلەن كونىشەھەر خانىلىق مەدرىسىدە ئوقۇيدۇ. ئەمما ئۇ بىلىم دەرگاھىدا ئۇزاق ئوقۇيالمايدۇ. ئاتىسى ۋاپات بولۇش بىلەن شەھەرگە كۆچۈپ كەلگەن ئائىلىسىگە ئۆزى قاراشقا مەجبۇر بولىدۇ «كىملەر كۆيۈپ ئاڭلايدۇ يېتىملەرنىڭ ئەرزىنى، سەبىر قىل جانىم ئانا، ئوغلۇڭ تۆلەر قەرزىنى» دەپ سەلەي ئاتىسىنىڭ قەرزلىرىنى تۆلەپ، ئۆيىنى ئۆزى باقىدىغانلىقنى ئىزھار قىلىپ، ئانىسىغا تەسەللى، دەرمان بولىدۇ. ئاتا كەسپى ناۋايچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ.

سەلەي ئاتىسىنىڭ پەقەت ھۈنىرىنىلا ئەمەس، باشلانغۇچ ھالدا سەنئەتنىمۇ، غەزەل، راۋاب، چاقچاقنىمۇ ئۆگىنىپ ئۇدۇم ئالىدۇ. بۇ ياش تۇغما قابىلىيەت ئىگىسى قەشقەر شەھىرىدە ياشاش بىلەن ھەر خىل تاماشا، توي ـ تۆكۈن، باراۋەت، مەشرەپ، تاۋاپ ـ سەيلىلەرگە قاتنىشىپ، خەلق ئارىسىدىكى خىلمۇخىل سازەندە، شائىر، قوشاقچى، ئۇسسۇلچى، ئويۇنچى، دورامچى ھەم مەسخىرىۋاز، سۆزمەن قىزىقچىلارنى كۆرۈپ ئۆگىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتىمۇ چاپسان ئۆسىدۇ. ئۇ شۇ چاغلاردا 20 ياشلاردا بولسىمۇ بارغانسېرى كامال تېپىپ، ھەممە يەردىكى سۆز ئويۇنلىرىدا شەھەردىكى جىمى تەڭتۇشلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. كۈندىن كۈنگە نامى ئەتراپتىكى يېزا، شەھەرلەرگە يېيىلىشقا باشلايدۇ. كىچىكىدىنلا خەلقنىڭ كۈلپەت ـ جاپالىرىنى كۆرۈپ ئۆسكەن سەلەي ئەمدى بولسا، يوقىرى تەبىقىلەرنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنى يېقىندىن كۆرۈپ سېلىشتۇرۇپ، ئاق ـ سېرىم جەھەتتىن بارا ـ بارا ئويغىنىپ، كەمبەغەللەرگە يان بېسىشقا باشلايدۇ. سۆز كۈچى ئارقىلىق بايلارغا كۈلىدۇ.

سەلەي چاققان ئاتا كەسپى—موزدۇزلۇق، ناۋايلىقتىن باشقا تۆمۈرچىلىك، بابكارلىق، ياغاچچىلىقتا ئوخشاش ئۇرغۇن ھۈنەرلەرنى قىلالىسىمۇ، ئۇ يەنىلا ناۋايچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدۇ. ئۇ شۇ ئارىدا بىر مەزگىل قەشقەر ھاكىمى زوھوردىن بەگ ھۇزۇرىدا ئوردا قىزىقچىسى ۋە باش ئاشپەز سۈپىتىدە ئىشلەيدۇ. لېكىن ئوردا ھاياتى بۇ ئەركىن، خۇش كۆڭۈل ۋە تېتىك سەلەي ئۈچۈن تولىمۇ خورلۇق تۇيۇلىدۇ. ئاڭغىچە ھاكىمدارلار ھاكىمى جانغا زىق بىلەن مىخ بولۇپ تۇرىدىغان سەلەينىڭ «كۈلكە ـ قىزىقچىلىقلىرى»دىن جانلىرى جاق تويۇپ، لەتىپە دېسە، پۇت ـ قولى سىرقىراپ تۇرىدىغان جانابلار سەلەينى كۆزدىن نېرى قىلىدۇ.

سەلەي چاققان باشقا جايلاردىمۇ ـ يەكەن، خوتەن، ئاقسۇغا ئوخشاش شەھەرلەردىمۇ بولىدۇ. ئاتۇشتىمۇ كۆپ ۋاقىت تۇرىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ بىلىم، ھۈنەر ھەم قىزىقچىلىق ماھارەتلىرى بېيىپ، ناخشا، ساز، ئۇسسۇل، قوشاقچىلىق ۋە دورامچى ـ تەقلىدچى، مەسخىرىۋازلىقتا ئوخشاش قىزىقچىلىق ئويۇنلىرىدىن ئىبارەت خەلق سەنئىتىدە، بولۇپمۇ قىزىقچى ـ سۆزمەنلىكتە تارىختا ئۆچمەس داغ قالدۇرىدۇ. سەلەي چاققان مىلادىيە 1850 ـ يىلى 60 نەچچە ياشتا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. بۇ كۈنى پۈتۈن خەلق ئالەم چوڭقۇر قايغۇ بىلەن ئۇنى ئۇزىتىدۇ.

سەلەي چاققان ـ سىلىق ۋە ئۆتكۈر لەتىپىلەر ماھىرى. ئۇ يالىڭاچ، قوپال كۈلكە سۆزلىرىنىڭ ئەمەس، ئەكسىچە ناھايىتىمۇ سىلىق ـ سىپايە، ياپتا گەپلەر (لېپپلىق سۆز) ئۇستىسى. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە دۈشمەن ياكى قارشى تەرەپلەرمۇ سېھىرلىنىپ، تۇيماي قېلىپ كۈلۈپ كېتىدۇ. سەلەينىڭ قايسى دائىرىدىكى لەتىپىلىرى، شاڭخو، چاقچاقلىرى بولسۇن، يات سىنىپ، يات تىپلارنى تەنقىدلەشكە، ئۆزىنى ـ دوستلارنى بولسا ئۇلۇغلاشقا، نۇقسانى بولسا ئۇچۇقداشقا قارىتىلغان. سەلەي چاققان لەتىپىلىرى ناھەقلىككە قارشى ئادالەتپەرۋەرلىك چاقىرىقى سۈپىتىدە خۇراپىي، مەۋھۇم پىكىرلەرگە قارشى روشەن، ھۆرپىكىرلىككە؛ نادانلىقنىڭ قۇلى بولماي، پاراسەتنىڭ پىدائىيسى بولۇشقا ئۈندەيدىغان چىرايلىق ۋە ئەڭ تەسىرچان كۈلكە دەستۇرلىرى سۈپىتىدە جاراڭلايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇستۈن تەبىقىلەر ياكى شۇنىڭغا مەنسۇپ تەبىقىلەر سەلەينىڭ كۈلكىسىنى بوغۇپ، ياكى ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنى ئەخلاقسىز، بىھايا لەتىپىلەرگە ۋە ئۇنى لەت قىلىش قورالى ـ سۆز ـ چۆچەكلەرگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن. ھاكىمدار، روھانىي ۋە ئازغۇنلار سەلەي لەتىپىلىرىنى يېزىقتا ـ كىتابلارغا ئېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا تىلغا ئالمىدى. پۈتۈن كۈچ ۋە ئىلاجىنى ئىشلىتىپ،

باشقىلارنىمۇ تىلغا ئالمايدىغان قىلىشقا ئۇرۇنغانىدى. تىلغا ئالغان ھالەتتىمۇ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ خۇنۇك بوياقلىرى بىلەن بوياپ ۋە بۇزۇپ ياكى ئۆزگەرتىپ تاراتتى. لېكىن سەلەينىڭ ئۆچمەنلىرى ھەرقانچە بۇزغۇنچىلىق قىلسىمۇ، ئاخىرى كەڭ خەلق ئاممىسى سەلەينى ياقلىدى.

سەلەي دائىم ئۈمىدۋارلىق روھىدا سۇغىرىلغان لەتىپە ۋە قوشاق پارچىلىرىدا قارنى توق جانابلارنىڭ سىياقى سۆلەتلىك كۆرۈنگەن بىلەن، قەلبى كاۋاك ياكى ئىچى پۈتۈنلەي پىخسىق - پاسات، ئەيىب، نۇقسانلار بىلەن تولغانلىقىنى ئاشكارىلاپ تاشلايدۇ.

سەلەي لەتىپىلىرى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇ قىزىقچىلىقتا ئۇيغۇر تىلىدىكى كۈلكە پەيدا قىلغۇچى جىمىكى سۆز، ماقال ۋە ئىبارىلەردىن پايدىلىنىشتا ماھىر بولغان. بۇ جەھەتتىن «تېتىقسىزلىققا تېتىقسىزلىق» «دېھقان ئۇلۇغ»، «كۈچۈك»، «كىچىك» لەتىپىلىرىنى ئاتاشقا بولىدۇ.

سەلەي خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ساتىرىك - يۇمۇرلۇق نەمۇنىلىرىنى، بېيىت - قوشاق، ھەجۋىي چۆچەك، شائىخو، چېقىشىش، ئىچ پۇشۇقى ۋە باشقىلاردىن كەڭ پايدىلانغان.

سەلەي—دانا قىزىقچى. ئۇنىڭ دانالىقى ھەدېسلا كۈلكە پارتلىتىدىغان لەتىپىلىرىدىلا ئەمەس، قارشى تەرەپنىڭ پاراسەتسىزلىكىنى ئايىماي ۋە قولغا تۇتقاندەكلا پاش قىلىپ، ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىغان، شاھتلار ۋە ئاگىلىغۇچىلار ئىشىنىڭ تېگىگە تەپەككۇر بىلەن كېيىن يېتىپ، ئاندىن مەغرۇرانە كۈلىدىغان لەتىپىلەر بىلەن ۋە ئەمگەك ئەھلىنىڭ قايغۇسىغا شادلىق، تىلسىم - خاسلىقىغا ئەمەلىي راستلىق بېرىدىغان ئاقىلانە مەسلىھەت تېپىدىكى لەتىپىلىرى بىلەن نامايان بولىدۇ. ئۇنىڭ شۇ خىل دانالىقىغا - سۆزدە چېچەنلىكىگە «كۆن ياخشى»، «ئېتىقاد»، «دوزاخ نەدە»، «قازاننىڭ دۈم كۆرۈنۈشى يامان»، «ئۈجمە سايىسىدا» دېگەن لەتىپىلىرى دەلىل بولالايدۇ.

سەلەي—ھازىر جاۋاب قىزىقچى. ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكىتى قىزىق بولۇش بىلەن بىللە قىرلىق، مەزمۇنلۇق ۋە يۇقىرى ماھارەتلىك. بۇنىڭغا ئۇنىڭ كۆپ ھۈنەرلىك ئىكەنلىكى، سەنئەتكارلىقى، كۆرگەننى قويمايدىغانلىقىدەك تەقلىدۋارلىقى ۋە كۈلكە ھەردىكىتىدە ئىجادىي چاققانلىقى مىسال بولىدۇ.

مەلۇمكى، تارىخنى خەلق يارىتىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ قەھرىمانلىرىنىمۇ خەلق يېتىشتۈرىدۇ. دېمەك، فولكلور قەھرىمانى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەڭ تەسىرچان، ئەڭ تارقىلىشچان، ئىخچام ۋە ئۆتكۈر ژانىرى—لەتىپە قەھرىمانىنىمۇ خەلق يارىتىدۇ. قىزىقچىلىق قەھرىمانلىرىمۇ، ئەتراپتىن، خەلقتىن ئۆگىنىپ يېتىشىپ چىقىدۇ. بۇ قەھرىمانلار ئەمەلىيەتتە، خەلق كۆڭلىنى تېپىپ، خەلق كۆڭلىگە ئارام ۋە ئارمان ھەم ئىلھام بېغىشلىيالىسا، ئۇلارنى خەلقىمىز بارغانسېرى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، يۆلەپ، كامال تاپقۇزۇشقا، ھەتتا پەلەككە كۆتۈرۈپ، تەبەسسۇم يۇلتۇزى قىلىپ، ئەبەدىيلەشتۈرۈپ كېتىشكە قادىر. سەلەي چاققانىنىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مانا شۇنداق ئىستېداد ۋە ئىستىقبالغا ئىگە بولغان كۈلكە يۇلتۇزى دېيىشكە بولىدۇ. ھەقىقىي خەلق قىزىقچىلىرىنى يالغۇز ئاشۇ قىزىقچى مەنسۇپ بولغان بىرلا خەلق، مىللەتلا قوللاپ، قوينىغا ئېلىپ قالماي قوشنا خەلقلەرمۇ ئۇنىڭ خەلق ئاممىسىغا بېغىشلىغان كۈلكىسىدىن ۋاقىپ بولۇپ بەھرە ئالغان. باشقا ئەللەرمۇ، «ئۆزىمىزنىڭ» دەپ بىلىپ، ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنى ئۆز تۇرمۇشى ۋە تارىخىي شارائىتلارغا ماس راۋاجلاندۇرۇپ بېيىتىپ كېتىۋېرىدۇ.

سەلەي چاققاننىڭ تەرجىمىھالىدىن مەلۇمكى، ئۇ كىچىك ۋاقتىدىنلا ئۇستا راۋابچى، ماھىر غەزەلخان بولغان. ئاتىسىدىن نۇرغۇنلىغان بېيىت - قوشاقلارنى ۋە ھەر خىل كۈلكە رېپتارلىرىنى ئۆگەنگەندۇ. ئۇيغۇرلار ھاياتىدا ئەزەلدىن مۇزدوزخانىلارمۇ سەنئەت ئوچىقى بولۇپ كەلگەن. سەلەينىڭ ئاتىسى مۇھەممەدنىڭ ھويلىسىدىكى موزدۇزخانىدىن ھېچقاچان كىشى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ يەرگە يىغىلغانلار تۈرلۈك جەڭنامىلەر، چۆچەكلەرنى ئېيتىشىپ، ياكى دۇتار، تەمبۇر، راۋاب ئاۋازلىرى خىلمۇخىل پەدىلەردە، ياڭزا - ياڭزا مەزمۇنلاردىكى ناخشىلارغا جور بولۇپ تەرەننۇم قىلىپ تۇراتتى. بۇ يەردە بولغان ھادىسىلەرنىڭ بارلىقى ياش سەلەينىڭ دىلىغا ئۆچمەس بولۇپ ئورناپ قالغانىدى! سەلەي مەدرىستە ئوقۇغان چاغلىرىدا شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن يېقىندىن تونۇشىدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ، ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ زوق - شوقى بىلەن ئۆگىنىدۇ، ناھايىتى نۇرغۇن ھېكايە، غەزەل، نەقىل ۋە ھېكمەتلەرنى بىلىۋالىدۇ.

تۇغما تالانت ئىگىسى سەلەي چاققان ئۈچۈن مۇنداق قولايلىق شارائىتلار ئۇنىڭ قوشاقچىلىقتىمۇ قابىلىيىتىنىڭ پەرۋاز قىلىشىغا مۇمكىنلىك بەردى. سەلەي ھەقىقەتەن ماھىر ۋە قايناق ئىلھاملىق، ھۇزۇربەخش قوشاقچى، ئۇنىڭ قوشاقلىرى ئەمگەكچىگە روھ، ئاشىققا ئارام، دەردمەنگە داۋا، زالىمغا زاۋال، جاھىلغا جۇۋالدۇرۇز. ھەممە قوشاقلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە كۈرەش روھى يالقۇنلاپ تۇرىدۇ، شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ قوشاقلىرى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن، ئاددىي خەلق كۆڭلىگە ناھايىتى يېقىندۇر.

تەييارلىغۇچى: ماھمۇد زەيدى

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

www.uyghurkitap.com















# ئۇيغۇر چالغۇلىرى







ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى



ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى

# 美拉斯 مىراس

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئە-
دەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشر قىلدى.
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە
بېسىلدى.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى :
CN65- 1130\1
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58
باھاسى: 5.00 يۈەن

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑：《美拉斯》编辑部
（乌市友好南路22号文联14层）
电话：4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I
国外统一刊号：ISSN1004—3829
代号：58—60
邮编：830001　定价：5.00元